كىلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئالا كۆڭۈللۈك ئۇياتلىق ئىشتۇر

## (مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتنامە)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلستانى

# بالا گۈللۈك ئۇيانلىق ئىشتۇر

(مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە)


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئالا كۆڭۈللۈك ئۈياتلىق ئىشتۇر» دېگەن كىتابتا شائىر مۇھەممەتئىمىن خوجامقۇلى (ھىرقەتىي) (1634 — 1724) نىڭ ھاياتى ۋە «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگەن ئەسىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتىي ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرى

— بالىلىرىم، ئەمدى سىلەرگە ئاجايىپ يېقىملىق بىر مۇھەببەت ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدىم مەن سالماقلىق بىلەن.

— ئۇستاز، سىز بۈگۈن سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دېيىشتى بىلىم تەلەپكارلىرى بۇ ھېكايىگە قىزىقىپ.

— «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، — دېدىم مەن تەنتەنە بىلەن.

— «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» نىڭ ئاپتورى كىم؟ — دېيىشتى ئۇلار ئېغىزىمنى تاتىلاپ.

مەن ئەمدى رەسمىي گەپكە كۆچۈپ سۆزلىمىسەم بولمايتتى.

— بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ ئاپتورى مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتىي! — دېدىم مەن گېلىمنى قىرىپ.

— مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتىي قاچان،

قەيەردە تۇغۇلغان؟ ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دىن باشقا ئەسەرلىرىمۇ بارمۇ ئۇستاز؟ — سوراشتى كۆپچىلىك تۇشمۇتۇشتىن.

— ئالدىرىماڭلار، بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەي، — دەپ باشلىدىم خىيالىمدا تارىخ بېتىنى ۋاراقلاپ.

مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتىي يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشاپ، ئۆز ئىجادى بىلەن تونۇلغان شائىر. بىراق ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر تەپسىلىيرەك مەلۇماتلار ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس.

ئەمما، مۇھەممەدئەمىن خاجەمقولى ھىرقەتىينىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانى ۋە «دىۋانى گۇمنام» نامى بىلەن تۇزۇلگەن بىر بۆلۈك شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇ باشقا نۇرغۇنلىغان كلاسسىكلىرىمىزغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى، ياشىغان دەۋرى، ئەسىرىنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە ئەسىرىنىڭ نامى توغرىسىدا «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ كىرىش سۆزى (دىباچىسى) دە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«... بۇ كىتابغە ‹مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام› ئات قويدۇم. ئەگەر كىشى ساھىب تەسنىفنىڭ كەلامىن ئىشىتىپ، نامىن بىلەيىن دېسە، مەجھۇل قالماسۇن،

مەئلۇم بولسۇن ۋە مۇبهەم بولماسۇن، مەفهوم بولسۇن دەپ، ھەدەف نامىمنى ۋە تەرەف مەقامىقنى تەئيىن قىلدىمكىم، مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ۋە ئازادەرلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مىهنەت تاغىنىڭ گۈلى ۋە مۇھەببەت ئۇچاغىنىڭ گۈلى ۋە دوستدار تەرىقەئى خەلاسەئى ئەھمەد ۋە بەندەئى ئەۋلادى مۇھەممەد كاشغەر ۋىلايەتىدىن، تازغۇن دەھى، پىرھىدايەتىدىن خالىي، ئازغۇن رەھىدىن، قىشلاغى باغچى، مەنسەبى ھەم باغچى ۋە سانى چىراغچى ۋە سالىسە كەبابچى، بۇ ئىشلار ۋە بۇ رەۋىشلەر رۇبدەئى پەيغەمبەرزادەلەر ۋە شەھى ئازادەلەر دەۋرىدەدۇر. نەزم:

ئېرۇر باغ مىهتەرى قىشلاغى باغچى،
ئىكىنچى مەنسەبى ئېردى چىراغچى.
كەبابچىلىق يەنە بىر مەنسەبىدۇر،
كەباب قىلماق خاجەمنىڭ مەتلەبىدۇر.

بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتىي قەشقەر يېڭىشەھەر تازغۇن يېزىسىدىكى باغچى كەنتىدە تۇغۇلۇپ، قەشقەر خوجىلىرى ئىچىدىكى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد پىرى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپاق خوجا) غا ۋەخپە



www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېرىلگەن «گۈلباغ» دەپ ئاتالغان باغى ئېرەمدە باغۋەن، چىراغچى ۋە كاۋاپچىلىق خىزمىتىدە بولغان.
بۇ شائىرنىڭ ئۆز بايانلىرى بولۇپلا قالماي يەنە، ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت ۋىلايىتى بوستانلىق ناھىيىسىنىڭ باغىستان يېزىسىدىن بولغان ئىساق ئىبنى زىيائىدىن تەرىپىدىن ھىجرىيە 1130 - (مىلادىيە 1719 - يىلى) يېزىلغان «تەزكىرەئى قەلەندەران» دا بېرىلگەن مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتىيگە دائىر بايانلارمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.
«تەزكىرەئى قەلەندەران» نىڭ ئۈچىنچى لەۋھەسىدە مۇنۇلار بايان قىلىنىدۇ:
«پىرمەت ساتارى رىۋايەت قىلدىكى، بىر نەچچە پۇرسەت پېقىر ۋە مەشرەبى مەجزۇپ خوجام پاشانىڭ يازلىق قارارگاھى بولمىش گۈلباغ مەۋزۇئىدىكى بېغىدا خىزمەت ئاداسىدا بولدۇق. مەزكۇر باغ رەۋزەئى رىزۋاندىن نىشانە ئىدى. جەننەت تىمسال باغنىڭ مۇتەسەددىسى خوجا پاشا خىشەلىرى بولمىش مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتىي ئىدى. مەزكۇر ھىرقەتىي يەنە گۇمنام تەخەللۇس قىلۇر ئىدى. ئانىڭ قەلەمىدىن بەغايەت پۇرمەئنى ئەبياتلار زوھۇرغا كەلمىشدىكىم، گۇمنام ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەپ ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىب بەرمىشتى.» دېمەك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر مەشھۇر شائىر

بولغان بابا رەھىم مەشرەبنىڭ يېقىن ھەمراھى بولغان پىرمەت ساتارىينىڭ «كىتابى قىسمەت ئاشىقى مەشرەب ۋەلىيۇللاھ» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا يېزىلغان «تەزكىرەئى قەلەندەران» شائىر مۇھەممەدئەمىننىڭ ئەينى مەزگىلدە نادىر شېئىرلارنى يېزىپ، دىۋانلار تۈزگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە «تەزكىرەئى قەلەندەران» دا ھىرقەتىي سەلبىي شەخس ئورنىدا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسەر مۇئەللىپى شائىرنىڭ ئەينى دەۋردە تونۇلغان، تالانتلىق بىر شائىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېيتىپ ئۆتۈشتىن ئۆزىنى تارتمىغان.

— ئۇستاز، سىز بايا شائىرنىڭ تەخەللۇسىنى «ھىرقەتىي» دېگەن ئىدىڭىز، ئۇ يەنە نېمىشقا «گۇمنام» دەپ دىۋان تۈزىدۇ؟ بۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئىككى خىل تەخەللۇس ئىشلىتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ تەخەللۇسلارنىڭ مەنىسى نېمە؟

— شۇنداق، بۇنى ئېنىقلىۋېلىشىمۇ زۆرۈر.

«ھىرقەتىي» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كۆيگۈچى، كۆيۈپ كۈل بولغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

— ئۇستاز ئەمىسە ئۇ يەنە نېمىشقا ئۆزىنىڭ دىۋانى (شېئىرلار توپلىمى) نى «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇس بىلەن تۈزىدۇ ؟

— ئوبدان سورىدىڭلار، بىز ئۇنىڭ «دىۋانى گۇمنام» دىكى شېئىرلىرىنى ئوبدان ئوقۇپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۆزى ھىمايەت قىلىپ كېلىۋاتقان سۇلۇكتىن، بولۇپمۇ ئاپاق خوجىنىڭ سوپىزم تەرىقىتىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە خىلاپ ھالدا ئىش تۇتۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق گۇمانلانغان ۋە نارازى بولغان. لېكىن ئاپاق خوجىدەك ئەنە شۇنداق رەزىل كىشىلەر زامان گەجگىسىگە مىنىپ ئولتۇرغان ئەنە شۇنداق جاھالەت دەۋرىدە، خەلق نادانلارچە سوپى ـ ئىشانلارغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتقان زۇلمەتلىك بىر دەۋر مۇھىتىدا ئۇنىڭ بۇ خىل نارازىلىقىنى ۋە گۇمانلىرىنى ئوچۇق- ئاشكارا تەرغىب قىلىپ زامان، جۇملىدىن ئاپاق خوجىنىڭ رەزىل چاڭگىلىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ شۇ خىل گۇمانىستىك (ئىنسانپەرۋەرلىك) ئىدىيىلىرىنى ئۆز شېئىرلىرىدا يۇكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يوشۇرۇن ئىپادىلىگەن ھەم ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى خوجىلارنىڭ زەربىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا يېزىپ توپلىغان دىۋانىنى «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇس بىلەن تۈزگەن دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

«گۇمنام» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: نامسىز،

www.uyghurkitap.com

ئامى ئۆچكەن دېگەنلىك بولىدۇ.

— ئۇستاز، ئۇنداقتا مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتي، يەنى گۇمنامنىڭ كېيىنكى ھاياتى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قانداق مەلۇماتلار بار؟

— راستىنى دېگەندە، شائىر مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتي (گۇمنام) ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى پائالىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار يۇقىرىقىلاردىن كۆپ ئەمەس. ئاساسەن ئۇنى 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىپ بىر ئىزغا چۈشۈشىگە ئەگىشىپ مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە بىر قاتار ئۇنۇملۇك ئەمگەكلەر قىلىندى. شۇ قاتاردا ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنلىرى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقىتلىرى ئېنىقلاندى. بۇ جەھەتتە بىز رەھمەتۇللا جارى ئەپەندىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ئۇ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا شائىر ھىرقەتي 1634 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر تازغۇن ‹باغچى› يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1724 ـ يىلى ۋاپات

بولغان. ھىرقەتىي 16 يىل مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان. 30 يېشىدا دادىسى خاجەمقۇلى بىللە ئاپاق خوجىنىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلىگەن». بۇ دېگەنلىرىمىز ئالدىدا تەخمىن قىلغانلىرىمىز ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. دېمەك، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ تېخى تازا چوڭقۇرلاشمىغانلىقى ۋە سىلەردەك ياش ئەۋلادلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ بۇنداق ئېگىز - پەس مەسىلىلەرنى تولۇق ھەل قىلىشىڭلار كېرەكلىكىنى بىلدۇرىدۇ.

بىز ھېلى شائىر مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى قۇلى ھىرقەتىينىڭ «دىۋانى گۇمنام» دېگەن بىر شېئىرلار توپلىمى ۋە «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق بىر دانە داستانى بارلىقىنى دەپ ئۆتتۇق.

شەرق كلاسسىك شائىرلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، داستان يېزىش ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتتە مەلۇم پەللىگە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى. بۇ ھەرقانداق شائىر ئىجادىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئورتاق قانۇنىيەت، بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، شائىر ھىرقەتىينىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ ئالدى - كەينىدە بەلكىم نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتىمۇ 90 يىل ياشىغان، 16 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، بۇ تىللار ئارقىلىق شەرقنىڭ داڭلىق پەيلاسوپ ۋە شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىي مەلۇماتىغا ئىگە بولغان مانا مۇشۇنداق بىر شائىرنىڭ پەقەت بىرلا داستان يازغانلىقى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلگەنەك «ھىرقەتىي بەزى تەزكىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئۆزىنىڭ لىرىك غەزەللىرى بىلەن ئەينى دەۋردە قەشقەردە شۆھرەت قازانغان» دېگەندەك سۆزلەرمۇ بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شائىرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا 270 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەڭ خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەسەرلىرىنىڭ ئۆز مىللىي مىراسلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان خەلقىمىز ئىچىدىن تېپىلىدىغانلىقىغا زور ئىشەنچ بىلەن قارايمىز.

شائىرىمىزنىڭ بۇ داستانىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى پېشقەدەم شائىر ۋە تەتقىقاتچى رەھمىتۇللا جارى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1957 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 4 -، 5 - سانلىرىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغانىدى. 1982 - يىلى يەنە شۇ ھۆرمەتلىك ئالىمىمىز رەھمىتۇللا جارى تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىلغان

ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى بىلەن يەشمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. بۇ داستاننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان نۇسخىسى بىر قەدەر تولۇق نۇسخا بولۇپ، تەتقىقاتچى ئىسراپىل يۈسۈپ تەرىپىدىن قايتا نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ نۇسخا بىزگە شائىرنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك غايىسىنى تولۇق ئېچىپ بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

— ئۇستاز، ئۇنداق بولسا، «مۇھەببەتنامە ۋە مېهنەتكام» دېگەن بۇ ئەسەر قانداق ئەسەر؟

— قانداق ئەسەر دەپ سورىشىڭلار ئورۇنلۇق بولدى. بىراق، بىز شائىر ياشىغان دەۋر ئىدېئولوگىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سوپىزم پەلسەپىسى ۋە بۇ پەلسەپە سىستېمىسىدىكى ئىشق تەلىماتىغا ئەتراپلىق تەبىر بېرىشكە ئۆلگۈرەلمىدۇق.

شۇنداقتىمۇ، دېمەك شائىر مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى خىرقەتىينىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېهنەتكام» ناملىق داستانىدا ياكى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە «ئىشق» يەنى مەستانىلىق ئەكس ئەتكەن.

شائىر خىرقەتىي ئۆز داستانىدا ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي

ماھىرلىق بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇپ، ئىنچىكە، جانلىق ئەكس ئەتتۈردى. پاك قەلبىدە مەۋج ئۇرغان يۇرۇقلۇققا ۋە ئادالەتكە ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، يەنى ئېزىلگۈچى جاپاكەش ئاممىغا بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى روشەن ئىپادىلەپ بەردى. زۇلمەتلىك قارا دەۋرگە ھەم زالىم كىشىلەرگە بولغان پۈتمەس قەھر - غەزىپىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاھالەت ھەم قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى. داستاندىكى سىمۋولىستىك ئوبراز «سابا»، «قىزىلگۈل»، «بۇلبۇل» قاتارلىقلار ئارقىلىق زالىملارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى پاش قىلدى؛ خەلقنىڭ ئەركىن، باراۋەر، بەختلىك ھاياتقا تەلپۈنۈشتەك گۈزەل ئارزۇسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىنكاس قىلىپ بەردى. زامان رېئاللىقلىرىنىڭ ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى يارقىن لىرىك ھېسسىياتى بىلەن رومانتىك ئۇسۇلدا بايان قىلدى. جۈملىدىن مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ خاسىيىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى گۈزەل، تەسىرلىك، جانلىق ئىپادىلىدى. داستان ماۋزۇسىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دەپ قويۇلغانلىقىمۇ بۇ قاراشنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ داستان تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن، ھەر بىر قىسىمدا ئىزھار قىلىنماقچى بولغان مەزمۇن بىر قانچە

ئېپـــزوت ئـــارقىلىق ئوبـــرازلىق چۈشەندۈرۈلگـــەن.
داســـتاننىڭ بىـــرىنچى قىســـمى ئۈنىـــڭ مـــەركىزىي ئىدىيىســـىنىڭ لىرىك ئۇسۇلدا تاپشۇرۇلۇشـى بولـۇپ، شائىر بۇ قىسـمدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىـزە، ئۆتكۈر مـــەنتىقىي تەپـــەككۇر، ئوبـــرازلىق ئوخشـــىتىش، پاساھەتلىك تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق پۇتكۈل ئەسەر سۇژىتىغا سىڭدۈرمەكچى بولغان تۈپ ئىدىيىنى كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئەسەرنىڭ كېيىـــنكى مىســـرالىرىدا تونۇشـــتۇرماقچى بولغـــان ۋەقەلىكلەرنى روشەن ئىدىيىۋى خاھىش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بولۇپمۇ «مۇھەببەتتىن نېمە ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى، مېھنەتنىڭ نېمە ئىشقا ئائىت بولىدىغانلىقى» ھەققىدە ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ؛ جۈملىدىن، مۇھەببەت ياكى ئۇلۇغۋار ئارزۇ ئۈچۈن بەل باغلىغان كىشىنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر بولۇشى كېرەك. ئۆز سۆيگۈسىنى جان دىل بىلەن قەدىرلىشى، ۋاپا ۋە ياخشىلىقنى ئۇنىڭدىن ئايرىماسلىقى زۆرۈرلۈكى، ھەرگـــىزمۇ تېشـــى پـــال ـ پـال، ئىچـى غـــال ـ غـال بولماســـلىقى لازىـــم، دېگـــەن ئىجتىمـــائىي قارىشـــىنى ئېيـــتىق شـــەرھلەپ، ئـــاشىق مۇھەببـــەتنى قىـــزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

ھەر ئىشتا ھەر كىشىدە يوق ھەقىقەت،
ئول ئىشقا ئولتۇرۇشقا قىلما نىيەت.

(ئەگەر ھەرقانداق ئىشتا كىشىدە ھەقىقەت بولمىسا، ئۇ ئىشقا ئاتلانماسلىقى لازىم.)

بۇ مىسرالاردا ئاپتور يۇقىرىقى قاراشلىرىنى يەنىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئىزاھلاپ، ئىشقىدا مۇھەببەت قەلبىدە بولسا خىيانەت بولغان ئىككى يۈزلىمچىلەرنى ئەيىبلەيدۇ، ئالا كۆڭۈل ساختىپەزلىكنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋرلەردىكى ئەزگۈچى زالىملارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، مۇناپىقلىقىنى، مەككار، ئالدامچىلىقىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىدۇ. ئارقىدىنلا پەرۋانە بىلەن شامنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىكى ماھىيەتلىك تەرىپىنى تاللىۋېلىپ تۇرۇپ، ھەققانىي مۇھەببەتنىڭ (پاكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلۇغۋار ئارزۇنىڭ) قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئاجايىپ تەسىرلىك گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئۇ، ئۆز مۇھەببىتى (ئارزۇسى) يولىدا جان بېرىشنى بەخت - سائادەت دەپ بىلىدىغان پەرۋانە تەسۋىرى ئارقىلىق ھەققانىي مۇھەببەت (ئۇلۇغۋار ئارزۇ) نىڭ مېۋىسى ئەنە شۇ پەرۋانىغا ئوخشاش ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان پەزىلەت ئىگىلىرىگە خاس، مۇھەببەت يولىدا كۈرەشكۈچىلەر ئۈچۈن جاپا - رىيازەت چېكىش خۇشاللىق ھېسابلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئەنە شۇنداق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇلۇغۋار ئارزۇغا يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى يورۇتۇپ

بېرىدۇ.
داستاننىڭ بۇ قىسمىدا شائىرنىڭ ھەققانىيەتكە ۋە ئادالەتكە تەلپۈنگەن پاك قەلبى كۆچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئەسەر سۈژىتىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئىدىيىۋى مەزمۇننىڭ يىغىنچاق ئىپادىلىنىشىدۇر.
شائىر ھىرقەتىي داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئەسەر ۋەقەلىكىنى بىۋاسىتە بايان قىلىشقا كۆچۈپ، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرى بىلەن كىتابخانلارنى ئۇچراشتۇرىدۇ. سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋۇجۇدىدىكى خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى مۇناسىپ ھالدا چۈشەندۈرىدۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇلارنى قايسى مەقسەت بىلەن ۋەقەلىك سەھنىسىگە چىقارغانلىقىنى روشەن ئىزاھلايدۇ.
دېمەك، شائىر ھىرقەتىي داستاننىڭ بۇ قىسمىدا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى تەپسىلىي سۈرەتلەش ئارقىلىق ھەققانىيەت ئەلچىسى سابانىڭ، يورۇقلۇق ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى قىزىلگۈلنىڭ، زۇلمەتلىك تۈندە تاڭ باھارىغا، ئادالەت گۈلىستانىغا تەلپۈنگەن بۇلبۇلنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى. ئەينى دەۋر رېئاللىقلىرىنىڭ ماھىيەتلىك تەرپىنى، ھەققانىيەت ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان، كۆرۈنۈشلەرنى رومانتىك ئۇسۇل بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇپ

ئېچىپ بەردى. يوقسۇل پۇقرالارنىڭ ئاھۇزارىغا يەتمەيدىغان، ئاجىزلارنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ئەزگۈچى زالىملارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى گۈلى قەھقەھەتىن ئىبارەت ئوبراز ئارقىلىق كىنايىلەشتۈرۈپ ئىپادىلىدى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا شائىرنىڭ جاپاكەش ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا بولغان ھېسداشلىقى، گۈزەل، ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى، زۇلمەتلىك قاراڭغۇ دەۋرگە بولغان نەپرىتى سابا ۋە قىزىلگۈلدىن ئىبارەت سىمۋوللىستىك ئوبرازلار ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

داستاننىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان قىزىلگۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىكى كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات، باي تەسەۋۋۇر كۈچى، چىرايلىق تىل ۋاستىسى ياردىمى بىلەن تەسىرلىك ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ قىسىمنى پۈتكۈل داستان سۇژىتىدىكى يۇقىرى پەللە دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

بىز بۇ قىسمىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكتىن: يورۇقلۇقتا ۋە ئادالەتكە ئىنتىلگەن كىشىدە چوقۇم قەتئىي ئىرادە، كۈرەشچان روھ بولۇشى كېرەككى، ئۇ يېرىم يولدا تەۋرىنىپ قالماسلىقى لازىم. «گۈلنىڭ

تىكىنىدىن قورقۇپ، ئارقىسىغا چېكىنمەسلىكى لازىم». شۇنداق قىلغاندىلا كۆزلىگەن ئۇلۇغ غايىگە يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن ئۈمىدۋار روھنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ شائىر ھىرقەتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى پاجىئەلىك رېئاللىقلارغا قارشى كەسكىن جەڭ ئېلان قىلىشى بولۇپ، كۈچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

داستاننىڭ تۆتىنچى قىسمى بولسا پۈتكۈل ئەسەرنىڭ لىرىك خاتىمىسى بولۇپ، شائىر بۇ قىسمىدا داستان سۈژىتىغا سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى ناھايىتى ئىخچام خۇلاسىلەپ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىك مەنتىقىي يەكۈن چىقىرىدۇ، ئۆز داستانىنى يېزىش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەيدۇ. قىسقىسى، سابا، بۇلبۇل، قىزىلگۈل ۋە گۈلى قەھقەھ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ نوقۇل مۇھەببەت ۋەقەسىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋردىكى پاجىئەلىك رېئاللىقنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر بىلەن يېشىپ كۆرسىتىدۇ.

شائىر بۇ قىسمىدا يەنە ئەينى دەۋردىكى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى ئەزگەنلىكىدىن غەزەپلىنىدۇ. بۇ رودىپايلارنىڭ ئاخىر خەلق تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى

ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن:

نۆكەرلەر بولمىسا شاھ ھەم گادادۇر،
قايۇ شاھ بىر ـ بىرىن ھۆكمىن تۇتادۇر.
قىلالماس بىرسى ـ بىرسىگە ئۇلۇغلۇق،
نېچۇنكىم شاھلىق ياسى قۇرۇغلۇق.
بارى شاھ جەمئى ئېسە يوقتۇر رەئىيەت،
قاچان قىلغاي ئۇلار بىر ـ بىرگە خىزمەت.

قىسقىسى، شائىر ھىرقەتىينىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى سابا، بۇلبۇل، قىزىلگۈل قاتارلىق سىمۋولىستىك ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى رومانتىك ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرگەن لىرىك ئەسەردۇر، ئۇنىڭدا زۇلمەتكە نىسبەتەن شىكايەت، ئەركىن ھاياتقا بولغان مۇھەببەت يالقۇنى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ.

— داستاننىڭ بەدئىيلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەمسىز؟

— بولىدۇ، بۇمۇ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھىرقەتىينىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى لىرىك داستان بولۇپ، بەدئىي قۇرۇلمىسى جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

داستان شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى ۋە بەدىئىي تىل ۋاستىسى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەنلىكىنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، شائىر داستاندا سىمۋول، ئوخشىتىش، كىنايە، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان غايىۋى مەزمۇننى كونكرېت سىمۋولىستىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئىخچام، جانلىق ئىپادىلەپ بەردى.

ئىككىنچى، شائىر داستاندا كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئەھمىيەتلىك ۋەقە، تەپسىلاتلارنى بىر - بىرىگە شۇنداق زىچ گىرەلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەنكى، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ بۇلاقتەك ئوخچۇپ تۇرغان ئىچكى دۇنياسىنى بىۋاستە ئىپادىلىگەن ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرلار كىشىگە ئاجايىپ بىر نازۇك تەسىرات بەخش ئېتىدۇ.

ئۈچىنچى، داستاننىڭ كومپوزىتسىيىسى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، قۇرۇلمىسىنىڭ ئەپچىللىكى، ھەربىر قىسمىدىكى باشلىنىشنىڭ پۇختا، زىچ تەشكىل قىلىنىشى، ئوبرازلارنىڭ جانلىق، گۈزەل سۈرەتلىنىشى، تەسۋىرلىرىنىڭ رەڭدار، كۆركەملىكى، بەدىئىي سۈرەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي ئىكەنلىكى بىلەن

ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

تۆتىنچى، شائىر ھىرقەتىي داستانى ئارۇز ۋەزنىنىڭ «مۇتەقارىب» بەھرىدە يازغان، ئۇ كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە، ئوقۇشقا ئەپلىك، رىتىمى ئىنچىكە، قاپىيىسى توق بولۇپ، ئارىلىرىدا غەزەللىرىمۇ بېرىلگەن، تىل ئۇسلۇبىدىن قاراپ داستاننى ئەينى دەۋردىكى خەلق فولكلورىدىن ئۇنۇملۇك ئۆلگە ئالغان، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەمدى، ئۇستازىڭلار سىلەرگە ئاجايىپ گۈزەل بىر مۇھەببەت ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئالا كۆڭۈللۈك ئۈياتلىق ئىشتۇر

بۇ ئاجايىپ مۇھەببەت ھېكايىسى «مۇھەببەت» دېگەن سۆزدىن باشلىنىدۇ؟

— ئۇستاز «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنىڭ قانداق مەنىسى بار؟

— ھە، بۇنى دەل مۇشۇ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ ئاپتورى مۇھەممەدئەمىن خاجەمقۇلى ھىرقەتي مۇنداق شەرھلەيدۇ:

مەن بىر پەقىر كىشىمەنكى، كىيىملىرىم جۇل - جۇل، قەدەھلىرىم سۇنۇق، مەن بۇيەردە بىر ئاشىق سۈپىتىم بىلەن مۇھەببەتنىڭ سەۋەبى بىلەن قانداق ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقى، مۇھەببەت ئۈچۈن جاپا چېكىشنىڭ نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغانلىقىدىكى سىرنى «مۇھەببەت» سۆزىدىكى تۆت ھەرپنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم مەنە بېرىپ بايان قىلىمەن دەيدۇ.

— «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنى نېمە ئۈچۈن تۆت ھەرپ دەيمىز؟

— شۇنداق «مۇھەببەت» سۆزى ئەسلىي ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئەسلىدە «محبت» دەپ يېزىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ سۆز تۆت ھەرپ بولىدۇ.

ھىرقەتىي سىمۋوللۇق ھالدا «مۇھەببەت» سۆزىنىڭ بىر ھەرپىگە يەتتە خىل مەنە بېرىپ ناھايىتى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ھېكايەت قىلىدى. يەنى ئۇ «مۇھەببەت» سۆزىنىڭ بىرىنچى ھەرپى «م» نى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چوماققا ئوخشىتىپ، «م» جانغا تېگىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن يۈرەكتىن مۇھەببەت بۇلىقى ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئاندىن يەنە «م» نىڭ ئىككىنچى مەنىسى، «مۇپتىلالىق» بۇ دەردكە يولۇقۇش دېگەنلىك بولۇپ، بىرىگە مۇھەببەت قويغان كىشى دەردكە يولۇقسىمۇ، گاداي، مىسكىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ كۆڭلى جاراھەتلەنسىمۇ، يار ۋەسلىگە يېتىش تەقەززاسى بىلەن مۇھەببەتتىن ۋاز كەچمەيدۇ. «م» ھەرپىنىڭ ئۈچىنچى مەنىسى، ئاشىق بولغان كىشىنىڭ يۈرىكىگە «مالامەت» نەشتىرى سانجىلسا، يەنى ياردىن تەنە ـ تاپا سۆزلىرىنى ئاڭلىسا ھەرگىز رەنجىمەيدۇ، بەلكى ئاشۇ مەشۇقنىڭ تاپا ـ تەنىلىرى ئۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىگە قانات بېغىشلايدۇ، ئاشىق ئۇچۇن قاناتقا ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزى ئالەمچە بەخت ھېسابلىنىدۇ. «م» نىڭ تۆتىنچى مەنىسى، بىرىگە مۇھەببەت قويغان ئاشىقنىڭ ئىچى ـ تېشى «مۇۋاپىق»

يەنى تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمىسا مۇناپىق، يەنى ئىككى يۈزلىمچى بولۇپ قالىدۇ. ئىككى يۈزلىمچى ئادەم يالغانچىلىق قىلىپ ئىشنىڭ ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە يەنە بىر خىل گەپ قىلىدۇ. دېمەك تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولغان كىشى ھەرقانداق جايدا بىرلا مەقسەتنى كۆزلەيدۇ.

«م» نىڭ بەشىنچى مەنىسى، ئۆزى ئەزىز كۆرۈپ ئاشىق بولغان كىشىگە «مۇرۇۋۋەت» كۆرسىتىپ، جان ـ دىلى بىلەن بېرىلىپ، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مۇھەببەت تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. يەنى ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەت بولىدۇ، ھەقىقىي مۇھەببەت بىر ئوتكى، ئاشىقنىڭ كۆڭلى بۇ ئىشق ئوتىدىن نۇرلىنىپ يورۇيدۇ.

«م» نىڭ ئالتىنچى مەنىسى، ئاشىق دەرد بىلەن غەمگە «مۇنىس» (يولداش) بولۇپ مۇھەببەت ئوتىدا تاۋلانسا خۇددى مىس تاۋلىنىپ ئالتۇن بولغىنىدەك، ئىشق ـ مۇھەببەت يولىغا كىرگەن كىشى غەم ۋە دەرد بىلەن تاۋلىنىپ ۋايىغا يېتىدۇ.

«م» نىڭ يەتتىنچى مەنىسى، «موتتەسىل» (ھەردائىم) يارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى توپا ـ تۇپراقتەك بولۇپ، شۇ يەردە جان بەرگۈدەك دەرىجىدە ئىشتىياقتا ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، شائىر «مۇھەببەت» سۆزىدىكى «م» ھەرپىنى ئەنە شۇنداق يەتتە خىل

مەنىدە شەرھلەيدۇ.

ئەمدى «مۇھەببەت» سۆزىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى ئەرەبچىدە «ھ» يەنى «ح» بولۇپ، شائىر بۇ ھەرپنىمۇ يەتتە خىل مەنىدە بايان قىلغان.

«ھ» نىڭ بىرىنچى مەنىسى، «ھاياتلىق»، يەنى سولىشىپ خازان بولغان ئۆسۈملۈككە يامغۇر ھاياتلىق بېغىشلىغاندەك، «مۇھەببەت» مۇ كىشىگە جان بېرىدۇ. ئاندىن يامغۇر ياغسا يەر يۈزىدە گۈللەر ئېچىلىشقا باشلىغاندەك، مۇھەببەت ھاياتلىق كۆزىگە نۇر بەخش ئېيتىدۇ.

«ھ» نىڭ ئىككىنچى مەنىسى «ھىلىم» (مۇلايىملىق) بولۇپ، سۆيگەن يار ئۇنىڭ باغرىنى كاۋاپ قىلىپ، تاغدەك ئېغىر جاپا سالسىمۇ، قايتماستىن مەشۇقنى سۆيۈش كېرەك. چۈنكى، مۇھەببەت ئۈچۈن چەككەن جاپا شارابى قانچىلىك ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خۇددى تۇز تاماقتا تەم كىرگۈزگەندەك مۇھەببەتنىڭ جاپاسى ھاياتقا مەنە بېغىشلايدۇ.

«ھ» نىڭ ئۈچىنچى مەنىسى ھايا، يەنى ئۇياتچانلىق، ساداقەتمەن بولۇپ، سۆيگەن يارىغا ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق، ھايالىق بولۇش لازىم. چۈنكى، ھاياسىزلىق مۇھەببەت بىلەن سىغىشالمايدۇ.

«ھ» نىڭ تۆتىنچى مەنىسى ھەر دائىم يارنىڭ جامالىنى كۆرۈشنى ئىستەيدىغان ساداقەتمەن كىشى،

www.uyghurkitap.com

ھەرقانچە دەرد، ھەسرەت ـ نادامەت چەكسىمۇ، لېكىن ھەر دائىم يارنىڭ ئىسمىنى تىلىدىن چۈشۈرمەسلىك كېرەك.

«ھ» نىڭ بەشىنچى مەنىسى، «ھەززە» يەنى يارنىڭ ۋىسالىغا يېتىش خىيالى بىلەن كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ، ھەمىشە يارنىڭ لېۋىگە ئوخشاش ۋىسال قەدەھىدىن مەي ئىچىشنى ئويلاپ، يارنىڭ گۈلدەك يۈزىنى كۆرۈشنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك. چۈنكى مۇھەببەت ئىنتىلىش دېمەكتۇر.

«ھ» نىڭ ئالتىنچى مەنىسى «ھازىرلىق»، يەنى تەييار تۇرۇش، يارى بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا ئۇنىڭغا رازى بولۇپ، بەرداشلىق بېرىپ، چىداشقا تەييارلىق قىلىپ قويۇش كېرەك. چۈنكى ھاياتلىق ئالىمىدە كۈتۈلمىگەن ئىشلار ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

«ھ» نىڭ يەتتىنچى مەنىسى ھاقارەت، خارلىققا چىداش دېمەكتۇر، يارنى خۇددى قەلب مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدەك ئۇلۇغ بىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا تۆۋەن تۇتۇپ، شېرىن مۇھەببەتنىڭ لەززەتلىك خورلاشلىرىغا چىداش كېرەك. چۈنكى مۇھەببەتنىڭ جاپاسىنى ئېغىر ئالغىلى بولمايدۇ.

نېمىدېگەن پاساھەتلىك دىداكتىك جۈملىلەر ھە؟! توغرا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت كوچىسىغا كىرگەن ئادەم

www.uyghurkitap.com

ئەسلەپتىلا بىر گادايىنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ياردىن مۇھەببەت تىلەيدىغان تىلەمچى ئەمەسمۇ؟ ھەتتا بۇ كوچىغا كىرگەن كىشى ئۆمۈرلۈك خورلۇق تارتىشى مۇمكىن. بۇلارنى شائىر ھىرقەتنى «مۇھەببەت» سۆزىنىڭ يەنە بىر ھەرپى «ب» غا يۈكلەپ، تېخىمۇ تەسىرلىك بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ «ب» خۇددى مۇھەببەت ساندۇقچىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر تال ئۈنچىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى «ب» ھەرپىنىڭ چېكىتى يۇمىلاق ئۈنچىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئۈنچە گوياكى كۆڭۈل قۇشىنى ئوۋلاش ئۈچۈن تاشلانغان دانىدەك جەلپكار، شۇڭا كۆڭۈل قۇشى بۇ دانىنى چوقۇسىلا مۇھەببەت تۇزىقىغا چۈشىدۇ. ئاھ، مۇھەببەت تۇزىقىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلماق تەس - تە.

ئەمدى «مۇھەببەت» سۆزىنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى بولغان «ب» نىڭمۇ يەتتە خىل مەنىسى بار.

«ب» نىڭ بىرىنچى مەنىسى، دەرد بىلەن «بالا». دېمەك مۇھەببەت گوياكى بىر بالادەك كىشىنى گاھى ئوتقا سالسا، گاھىدا ئوتتىن ئېلىپ سۇغا سالىدۇ. ئەمما ئاشىق بولغۇچىلار مۇشۇ مۇھەببەت بالاسىغا قانچە كۆپ يولۇقسا، بۇ ئۇلارغا شۇنچە ئىلھام بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن بالا - قازا مۇھەببەت يولىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان قامچا...

«ب» نىڭ ئىككىنچى مەنىسى بەندىلىك، يەنى

قوللۇق، يارنىڭ غېمى بىلەن كۆن ئۆتكۈزۈش دېگەنلىك بولۇپ، مۇھەببەت ئۈچۈن ئاشىق بولغان كىشىنىڭ ئۆمرى ھەمىشە غەمدە ئۆتىدۇ. تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولمايدۇ. چۈنكى قۇل دېگەن تەقدىرنىڭ بۇيرۇقىغا رازى بولۇپ، بويسۇنىدۇ. بۇنىڭغا ئىلاج يوق، ئەمما قۇل ئېغىزىدا ئاچچىقلىقىنى بىلەن ئىچىدە كۆلىدۇ.

«ب»نىڭ ئۈچىنچى مەنىسى، ئاشىق ھەتتا ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۆز ئارزۇ ـ ئۈمىدىدىن ۋاز كەچمەسلىك كېرەك، ئىرادىسىدىن قەتئىي يانماي يارىغا بولغان قۇللۇقىنى قەتئىي بەجا كەلتۈرۈش كېرەك. ئەلۋەتتە ئۆزى سۆيگەن يارنى ماڭا جاپا سالدىڭ دەپ ئىللىغلى بولمايدۇ ـ دە.

«ب» نىڭ تۆتىنچى مەنىسى، ئەگەر ئاشىقنىڭ كۆڭلىدە ھەقىقىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دائىم يارنىڭ سىيماسى بولۇش كېرەك. خۇددى ۋىسالغا خېرىدار بولغاندا ئۈنچە ـ مارجان ئورنىغا كۆز يېشىنى تۆككەندەك.

«ب» نىڭ بەشىنچى مەنىسى ئاشىق بولغۇچى ھەممىدىن بۇرۇن يارنىڭ ئىشىكىنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك. چۈنكى كىشى ئۆينىڭ ھۇزۇرىنى سۈرىمەن دېسە، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆينىڭ كۆركەملىكىنى، ئۆيدىكى يار نۇرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاپماي بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر دائىم يار

www.uyghurkitap.com

ئىشىكىنىڭ كويىدا بولۇپ، ئىشىكىنى تاپقان ھامان يىلاندەك تولغىنىپ بولسىمۇ ئۆيگە كىرىش كېرەك.

«ب» نىڭ ئالتىنچى مەنىسى باقىي بولۇش، يەنى مۇھەببەتتە ئەبەدىلئەبەد، مەڭگۈلۈكنى كۆزلەپ، ئەبەدىيلىك شارابىغا ساقىي بولۇش كېرەك، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلۈكۈڭدىن كېچىشىڭ كېرەك، چۈنكى مۇھەببەت بېغىشلاش دېمەكتۇر.

«ب» نىڭ يەتتىنچى مەنىسى ئىشق ـ مۇھەببەتكە مەھكەم باغلىنىش كېرەك، ئۈزۈلۈپ كېتىش مەھرۇم بولۇش دېگەنلىكتۇر.

«مۇھەببەت» سۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپى «ت» ئىدى. ھەربىر باغنىڭ ئۆزىگە يارىشا مېۋىسى بولغىدەك «ت» نىڭمۇ يەتتە خىل مەنىسىنى ئىزدەپ كۆرەيلى:

«ت» ھەرپىنىڭ بىرىنچى مەنىسى: توۋا قىلماق ۋە ئارزۇ ـ ئىنتىلىش دەرياسىدا سەلدەك ئېقىش دېگەنلىك. چۈنكى سەل تاغدىن ئېشىپ كېلىدۇ.

«ت»نىڭ ئىككىنچى مەنىسى: ئۆزىنى پاك تۇتۇشتىن ئىبارەت، چۈنكى كۆڭۈل گوياكى بىر ئۆيگە ئوخشايدۇ، ئەلۋەتتە ئۆينى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ، چىرايلىق جابدۇپ، ئاندىن مېھمان چاقىرىشقا توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا مۇھەببەت ئۈچۈن كۆڭۈلدىن غەشلىكنى تازىلىماق لازىم.

«ت» نىڭ ئۈچىنچى مەنىسى ئاشىقلىقتا تادانلىق

كېرەك. بۇ دېگەنلىك غەرەز ۋاستىگە ئوخشاش تاشقى كۆرۈنۈش، ئادەمدە جان بولغۇدەك غەرەز ـ مەقسەت بولىدۇ. شۇڭا مۇھەببەت ئۇچۇنمۇ ئۆزۈڭدە مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىتى بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى بۇ كوچىغا كىرمە.

«ت» نىڭ تۆتىنچىسى مەنىسى مال ـ دۇنيادىن ۋاز كېچىش، پۇل ـ مالغا بېرىلگەن كىشىنىڭ مۇھەببىتىدە ئىشەنچ بولمايدۇ. بۇ خۇددى بىرىدىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ يەنە بىرىگە ئېرىشكىلى بولمىغاندەكلا بىر ئىش.

«ت» نىڭ بەشىنچى مەنىسى يارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سال، ھەقىقەتكە، توغرىلىققا خىلاپلىق قىلىپ ئەقلىڭنى يوقاتما، چۈنكى باخشىمۇ قولىدىكى قۇشنى ھالال نەرسىگە سالىدۇ.

«ت» نىڭ ئالتىنچى مەنىسى تەسلىم بولۇش، ئەمما شۇنى بىلىش كېرەككى، ياردىن باشقىغا بويۇن ئېگىش توغرا ئەمەس، مۇھەببەت يولىنى ھەقىقىي ئۇگىنەي دېسەڭ پەقەت ئۆز مەشۇقۇڭغىلا ئېگىلگىن. مانا بۇ تەسلىم...

«ت» نىڭ يەتتىنچى مەنىسى، سەۋرچان بولۇش كېرەك، چۈنكى مۇھەببەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن نىمە قىلىسەن؟ پايدا تاپقان كىشى يەنە كۆپرەك پايدا تاپسام بولاتتى، — دەپ تېخىمۇ كۈچىسەڭ، ئۆزۈڭ ھالاك بولىسەن، پايدا تاپقان كىشى ئەلۋەتتە ئۇنى قولدىن

چىقىرىۋېتىشىنى خالىمايدۇ. خۇددى مەيخۇمار كىشى مەيدىن ئۈزىنى تارتمىغاندەك. شۇڭا سەۋرىبىلەن كۈتكىن، كۈتۈش ۋىسال دەملىرىنىڭ مەنزىلى.

ھىرقەتىي «مۇھەببەت» تىن ئىبارەت بىر سۆزگە مانا مۇشۇنداق ئالەمچە ھېكمەتلەر بىلەن تەبىر بېرەلىگەن. بۇ ئۇنىڭ ۋىسال ئارزۇسىدىكى ئاشىقلارنىڭ ئىشىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە تەييارلىغان مۇستەھكەم ئۇل ئىدى.



www.uyghurkitap.com

# پەرۋانە شام چىراغ ئىشقىدا

— ئۇستاز، بۇ ئاجايىپ مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتىمىز، سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

— بولىدۇ، پەرۋانە بىلەن شامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇھەببەت ۋەقەسىنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىگە قۇلاق سېلىڭلار.

كۈن پۈتۈن جاھاننى سەير قىلىپ ھارغاندەك ئاستا ـ ئاستا غەربكە پاتتى، مەھەللە گۇگۇم پەردىسىگە چۈمكەلدى. مەھەللىدىكى ياش ـ قېرى، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ كۆڭلى مەشرەپنى خالايتتى. مەھەللە ياشلىرى بىردىن، ئىككىدىن بىر جايغا يىغىلىپ باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ، دوقمۇشتىكى بىر ئۆيدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سالام بىلەن كىرىشىپ كېلىشتى. ئۆي ئىگىسى مېھمانلاردىن سۆيۈنۈپ، ئۆيىگە شام يېقىپ داستىخان سېلىشقا تەييارلاندى. تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كىشىلەر كېلىشكە باشلىدى. مەشرەپ

سورۇنغا ياخشى ـ يامان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي سورۇن ئەھلى ئۆزلىرىنى خۇددى جەننەتتە تۇرغاندەك بەھۇزۇر سېزىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ تەكەببۇر ئولتۇرۇشاتتى.

قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە ناز بىلەن بېقىشىپ، بىر ـ بىرىگە جىلۋە قىلىشاتتى. بولۇپمۇ قېشىغا كۆپكۆك ئوسما قويۇشقان، بويۇن، قۇلاقلىرىدا ھەرخىل ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر شام نۇرىدا يالتىراپ جىلۋە قىلىپ تۇرغان، رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىشىپ، گۈلدەك ياسىنىپ خۇددى ھۆر ـ پەرىلەردەك ئولتۇرۇشقان ياش قىزلارنىڭ ئايدەك چىرايلىق يۈزلىرىنى شام نۇرى تېخىمۇ نۇرلۇق كۆرسەتەتتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلارغا چىرايلىق كۆرسەتسىلا بولاتتى، ئۇلار ئۈچۈن شۇلا كۇپايە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۆزلىرىنى قۇياشتەك يورۇتۇپ تۇرغان شامغا قارايدىغان چولىسىمۇ يوق ئىدى. گويا ئۇلارنىڭ ئۆيگە شام يېقىشتىكى غەرىزى، شام ئۆينى يورۇتسا، ئۇنىڭ يورۇقىدا بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشسىلا بولىدىغاندەك... ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا ماختانچاقلىقتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۆيدىكى ھەممەيلەن نەغمىچىلەرنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىدىن

مەست بولغانىدى. ئاھاي، يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ پەردەك قىزلارنىڭ ئايدەك ھۆسن ـ جامالىغا چۈشكەن. ئۇلارنىڭ يۈرىكى مۇھەببەت ئوتىدا پىژ ـ پىژ قىلىشاتتى. پات ـ پات ئۇھ تارتىپ پىغان چېكىشەتتى. قىزلارنى ئۆزلىرىگە قارىتالماي ئاۋارە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار قىزلارغا پۈتۈن مال ـ دۇنياسىنى ھەتتا ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلىشقىمۇ تەييار ئىدى. مۇبادا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مەيلى چۈشۈپ قالغىنىدا، ئۇلار بەئەينى لەيلى ـ مەجنۇنلارغا ئايلىناتتى.

بىراق، ئۇلارنىڭ ئاشۇ بىچارە شام بىلەن پەقەتلا كارى يوق ئىدى. بىر شام كۆيۈپ بولسا يەنە بىرنى ياندۇراتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى ھۇزۇرلانسىلا بولاتتى. ئۆزلىرىنىڭ شام يورتۇپ تۇرغان جامالىدىن مەغرۇرلىنىشاتتى. لېكىن شامنىڭ دىدارىغا قارايدىغان خېرىدارى يوق، ئەمەلىيەتتە شام بولمىسا ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ ھەممە ھۇزۇرى ئاشۇ شامنىڭ يورۇقىدىن بولۇپ، ھەرگىزمۇ بۇ ئۆيگە يىغىلغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى.

لېكىن، شامنىڭ تېنىدە قىلچە مادار قالمىغانىدى، ئۇمۇ مۇھەببەت شارابىدىن بىر قەدەھ

سۇمۇرۇشكە تەشنا ئىدى، شۇ چاغدا تۇساتتىن ئۇنىڭ قېشىدا بىر پەرۋانە پەيدا بولدى، ئۇ شامنى ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ شامغا يىراقتىن ھېيىقىپ نەزەر سالاتتى، ئۇ شامنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ئاشىق ـ شەيدا بولۇپ قالغانىدى. شام بۇنى بىلدى. ئۇمۇ مۇھەببەتكە، سۆيگۈگە تەشنا بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا قىپقىزىل تىللىرىنى تەۋرىتىپ يۇلقۇندى، شۇ چاغدا پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە يۈز بەردى، شام پەرۋانىگە جامالىنى شۇنداق كۆرسىتىشى بىلەن پەرۋانە بىر ئاھ چېكىپ يەرگە يىقىلىپ جان ئۈزدى، ياق ئۇ ھوشىدىن كەتتى، شامنىڭ جامالىدىن ۋىسال شەربىتىنى ئىچىپ مەست بولغان پەرۋانە ھەيرانلىقتا ھوشىدىن كەتكەنىدى.

راست، كۆز ئالدىدا سۆيگەن، كۆيگەن نىگارى جىلۋە قىلىپ تۇرسا، كۆڭلىنى ئالدۇرۇپ قويغان ئاشىق قانداقمۇ ھوشىدىن كەتمەي تۇرالىسۇن؟! كىشى يارى بىلەن بەزمىدە بىللە بولسا، ئۇ يار جامالىغا مەپتۇن بولماي خاتىرجەملىكى بۇزۇلماي قالامدۇ؟

پەرۋانە بەكمۇ بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېنىگە شامنىڭ مۇھەببەت ئوتى تۇتاشقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ شامنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولۇشنى ئويلايتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى مۇھەببەت ئوتى قاپلىغانىدى. ئۇ

ئۆزىنى شامغا ئۇرۇشنى ئويلىدى، بىردەم تۇرۇۋېلىشقىمۇ تاقەت قىلالمىدى، ئۇ مۇھەببەت شارابىدىن يەنە بىر قەدەھ ئىچىشكە تەشنا ئىدى. ئۇ دەسلەپ شامنىڭ ئۈستىدىن ئۇدۇل ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۇ ئالدىغا ماڭاتتى، كەينىگە ياناتتى، زادى تاقەت قىلالمايتتى،ئۇ تولىمۇ بىچارە هالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۆيدىكى مەشرەپ راسا قىزىغانىدى. مەشرەپ ئەهلىنىڭ، بەزمە قۇرغانلارنىڭ پەرۋانىنىڭ هالى بىلەن نېمە كارى بولسۇن؟! ئەمما ئۆيدىكى ئەهۋالمۇ پەرۋانىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمەيتتى. پەرۋانە هامان شام بىلەن مۇھەببەت ئويۇنى ئويناۋاتاتتى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىۋاتاتتى. راست ئاشىق پەرۋانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنىمۇ شۇ... ئۇ هايات تارىنى دۇنيا سازىدىن ئۈزمەكچى بولۇپ، گاهى قانىتىنى شامنىڭ ئوتىغا ئۇراتتى، گاهى ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يەنە شامنىڭ ئوتىغا ئۆزىنى ئۇراتتى. ئۇ ئاخىرى شامنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قانىتى ئوتقا تېگىپ كەتتى ـ دە، شامنىڭ ئايىغىغا موللاق ئېتىپ يىقىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىنتىلىپ قانىتىنى تىترىتىپ پىرقىرايتتى. ئۇ هالىدىن كېتىپ يىقىلدى،

ئۆلۈكى كىشىلەرنىڭ ئايىغىدا قالدى. بۇنداق ئاشىقنىڭ تېنى كىشىلەر ئارىسىدا يانجىلىپ توپىغا ئايلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھى پاك كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ شامغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، يەنى مەشۇقىنى قۇچاقلاپ، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنىدى.

مانا پەرۋانىنىڭ ھالىنى كۆرۈڭلار، ھىرقەتىي مۇنداق دېگەن: «ئەي ئىنسانلار، پەرۋانىنىڭ ھالىنى كۆرۈڭلار، ئۇ شامغا ئۆزىنى تەقدىم قىلىپ توپىغا ئايلاندى، ئوت ئىچىدە كۆيۈش ئاشىقلارنىڭ ئىشى، ئاشىقنىڭ جېنىنى قۇربان قىلىشتىن مەقسەت ياخشىلارنى سۆيۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مۇھەببەت ئۈچۈن كىم جېنىنى ئايايدۇ؟ شۇڭا كىمكى بىرەرسىنى سۆيگەن بولسا ئۆز سۆيگۈسىگە ھەقىقىي سادىق بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭدىن جېنىنىمۇ ئايىماسلىقى كېرەك. قاراڭلار شامغا ئوت يېقىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايتتى. پەرۋانە ئوتقا ئۆزىنى ئۇرمىغان بولسا، خاتىرجەم بولالمايتتى. بىز سۆيگۈگە سادىقلىقتا پەرۋانىدىن ئۈلگە ئېلىشىمىز كېرەك، ئۆز سۆيگۈسى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىش ئەڭ چوڭ بەخت».

— ئۇستاز، قارىغاندا «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى سۆيگۈ، مۇھەببەت بىلەنلا چەكلەنمەيدىكەن -

ھە؟

— شۇنداق، مۇھەببەت ئىنتايىن ئۇلۇغ نەرسە، ئۇنىڭ مەنىسى ئالەمچە كەڭ، دېڭىزچە چوڭقۇر، دوست، دوستلۇق، ئۆم، ئىناقلىقلىقىمۇ مۇھەببەت تولۇپ تاشقان بولىدۇ. چۈنكى، يەرگە نېمە تېرىساڭ شۇنىڭدىن ھوسۇل ئالىسەن، ھىرقەتي ھەزرەتلىرى بىزگە نەسىھەت قىلىپ ئېيتىدۇ: «دىيانەتلىك كىشى بىلەن دوست بول، دىيانەتتىن، دىيانەتلىك دوستتىن ئۆزىنى يىراق تۇتقان كىشى ئاززۇ - ئۈمىد ئىگىسى ئەمەس، چۈنكى سادىق، دىيانەتلىك بولمىغان كىشى ئاۋۋال ئۆزىنى ساداقەتمەن قىلماي تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ ساداقىتىنى تەمە قىلالامدۇ؟» قاراڭلار بايىقى ھېكايىدە پەرۋانە شام ئوتىغا ئاشىق بولۇپ، ئۆزىنى شام ئوتىغا ئۇرۇپ تۆگىدى، شاممۇ ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ، كۆيۈپ تۈگىدىغۇ ئاخىر. شۇڭا مەيلى سۆيگۈ - مۇھەببەتتە بولسۇن، مەيلى ئىنسانىي مۇئامىلە، ئىش - ھەرىكەتلەردە بولسۇن ئىغىر - بېسىق، سەۋرچان، سادىق، ساداقەتمەن بولۇشىمىز لازىم. ئەجىر، مېھنەت قىلىشىمىز، قان - تەر تۆكۈشىمىز لازىم. چۈنكى دېھقان ئەجىر قىلىپ يەرنىڭ باغرىنى تىلغاپ يۇمشاتماي تۇرۇپ، يەرگە تاللانغان ئۇرۇقنى چاچمايدۇ. يەرمۇ نەم بولمىسا ئۇرۇق ئۇنۇپ

چىقالمايدۇ، ئۇرۇقمۇ نەم يەرنىڭ ئاستىدا بىخلىنىپ ئاندىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. دېمەك، نېمەت، راھەت ۋە بەخت ئەمگەك ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئالتۇنمۇ ئوت ئىچىدە تاۋلىنىپ، ئاندىن ساپ ھالەتكە كېلىپ پارقىرايدۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# گۈل بىلەن سابا (سەھەر شامىلى)

ئەمدى يەنە بىر يېڭى ھېكايىنى سۆزلەيمىز.

— ئۇستاز، رىۋايەتلەردە «بۇلبۇل گۈلگە ئاشىق» دېيىلىدىكەن، ئەمما سىز «گۈل بىلەن سابا (سەھەر شامىلى)» نىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىمەن دەيسىز؟

— سورىغىنىڭلار ئورۇنلۇق، لېكىن دۇنيادىكى ھەرخىل جانلىقلار، ئۆسۈملۈكلەرمۇ بىر - بىرىگە شەيدا ھالەتتە بولىدۇ. ھەربىر نەرسىنىڭ خېرىدارى، ھەر خېرىدارنىڭ دەللالى بولغىنىدەك، دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇشكۈللۈكلەرنىڭ ھەل قىلىش چارىسى بار.

دۇنيادىكى نۇرغۇن، ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك گۈللەر بار، بۇ گۈللەرنىڭ پۈرىقى باشقا - باشقا مىزىدە بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا ئامراقلىقىمۇ ئوخشىمايدۇ. بولبۇل گۈلگە ئاشىق ئىكەن. ئۇ گۈلنىڭ ئىشقىدا كېچە - كۈندۈز ئۆزىنىڭ شېخىغا قونۇۋېلىپ سايرايدىكەن، ئەمما تاڭ سەھەردە بىردەم ئۇخلاپ قالىدىكەن، دەل شۇ چاغدا سابا (سەھەر شامىلى) گۈلگە ھەمراھ بولىدىكەن. شۇڭا ئالدى بىلەن گۈل بىلەن سابانىڭ ھېكايىسىنى

سۆزلىمىسەك، بۇلبۇلنىڭ گۈلگە قانداق ئاشىق بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەيمىز.

— رەھمەت ئۇستاز، ئۇنداق بولسا گۈل بىلەن سابا (سەھەر شامىلى) نىڭ ھېكايىسىدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

— بولىدۇ، قېنى ئاڭلاڭلار.

سابا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق سەھەرچى ئىدى. ئۇ ھەممە مەخلۇقاتتىن بالدۇر ئويغىناتتى ـ دە، ئۆزى ئەڭ ئامراق بولغان گۈللەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ يۇمشاق قوللىرى بىلەن گۈل بەرگىلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ھەر تەرەپكە تارقىتاتتى.

يېڭى بىر باھار يېتىپ كېلىپ گۈلشەن ۋادىلار، چاھار باغلاردا گۈللەر ئېچىلىپ يېشىل ياپراقلار ئۈستىنى رەڭلەندۈردى. سابا سەھەر تۇرىدىغان، ئەڭ تېز چاپىدىغان گۈل ئاشىقى بولغاچقا گۈلزارلارنى ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ كۈتۈلمىگەندە ئاجايىپ بىر چىمەنزارلىققا كېلىپ قالدى. بۇ چىمەنزاردا تۈمەنمىڭ گۈللەر ئېچىلغان بولسىمۇ، ھەربىر گۈل ۋە ئۇنىڭ ھىدى مىڭ گۈلگە تەڭداش ئىدى. بۇ چىمەنزارنى كۆرگەن كىشىگە يەر بىلەن ئاسمان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ قالغاندەك، ئاسمان گۈللەرگە پۈركەنگەن، يەر ـ زېمىندا ئاي، يۇلتۇزلار چاراقلاپ كۆز قىسىشىپ

ئۇرغــانده‌ك بىلىنــه‌تتى. قىسقىســى بــۇ هاياتبــه‌خش چىمه‌نزار به‌ك كۆڭۈللۈك بولۇپ، گـويا جه‌ننه‌تكه مىسال قىلىشقا بولاتتى.

چىمــه‌نزاردا سېرىق،يېشــىل، قىــزىل ۋه هــه‌رخىل گــۈلله‌ر تاۋلىنــاتتى. خــۇددى قه‌دەهتــه‌ك ئــېچىلىپ كه‌تكـه‌ن لالـه گـۈلله‌رنىڭ له‌ۋلىرىگـه ئاسـماندا ئۇچـۇپ يۈرگــه‌ن قۇشــلارنىڭ ئېغىــزىدىن بــال ـ هه‌ســه‌لله‌ر تېمىشاتتى. ئه‌نـه باهـار په‌سلى خـۇددى كۈنـدۈزى يـه‌رده يۇلـتۇز پـه‌يدا بولغـانده‌ك زېمىــندا گـۈلله‌رنى هــه‌يران قالارلىق هالدا ئېچىلدۇرغانىدى.

چىمــه‌نزاردا گــۈلله‌ر كــۆپ، ئــه‌مما هېچقايىسىســى قىزىلگۈلگـه يه‌تمـه‌يدۇ، ئـۇ قىزىلگـۈل ئاشـۇ تۈمـه‌نمىڭ خىل گۈلله‌ر ئىچىده ئۆز رەڭگى، ئاجايىپ خۇش ھىدى بىلـه‌ن يه‌ككـه ـ يېگـانه، هېچقـانداق بىــر گــۈلنىڭ رەڭگــىرويى قىزىلگــۈلنىڭ رەڭگــىرويى ۋه پــۇرىقىغا يه‌تمه‌يتتى.

شــۇخ هـــه‌م كه‌پىســىز ســابا شــوخلۇق قىلىــپ چىمه‌نزارنى ئارىلاپ بىـر گـۈلنىڭ شـېخىنى ئه‌گسه، يه‌نه بىــر گــۈلنىڭ به‌رگــىنى سىيپــاپ، ئۇلارنىــڭ هىدىــنى چـېچىپ يۈرەتـتى. ئـه‌مما، ئـۇ چىمـه‌نزارنى هـه‌رقانداق ئارىلىغان بولسىمۇ، لېكىن قىزىلگۈلدىن باشقا گۈلله‌ر ئۇنىڭ دىمىغىغا سېسىق بىلىنىدى، شۇنىڭ بىلـه‌ن ئـۇ ئۇنـداق سېســق پۇرايدىغان گـۈلله‌ردىن قـاچتى. سـابا

ئويلايتتى: ئاھ، قىزىلگۈلدىن دىمىغىم خۇش پۇراققا تولدى، بۇ گۈلدەك ئېپار ـ ئەنبەر تارقىتىدىغان گۈل يەنە بارمۇ؟ گۈل بولار، لېكىن بۇنىڭچىلىك ياخشى بولماس، بۇ گۈلنىڭ ئاجايىپ ھۆسنىگە كىشىنىڭ مىڭ ئاپىرىن ئېيتقۇسى كېلىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى بۇ گۈلگە نەزەر سالسا غەمكىن كۆڭلى ئاۋۇنۇپ خۇشاللىق تاپالايدۇ. ئېھ قىزىلگۈل، ساڭا بىرەرسى ئاشىق بولسىكەن ـ ھە! راست، مۇھەببەت يولىدا سادىق بىر ئاشىق بولسا، ئۇ قىزىلگۈلدىن زوقلانسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! بىراق بۇ گۈلدە شۇنچىلىك جازىبىدار ھۆسن ـ جامال، شۇنچىلىك خۇش پۇراق تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ خېرىدار بولمىغىنى ئەجەبلىنەرلىك ئىشقۇ؟!... توغرا ياخشى بىلەن يامانلىڭ پەرقى ئۇنىڭ قەدرى ـ قىممىتىدە، ياخشىغا ياخشىلارلا ئەمەس، يامانلارمۇ ھۆرمەت قىلسا ئاندىن ياخشى بولىدۇ. ياخشى بىلەن يامان تەڭ ئورۇنغا قويۇلۇپ قالسا، ئۇ ھال ياخشى ئۈچۈن ئۇيات ـ نومۇس ھەم ھار... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندە سابا يېقىن كېلىپ ئۇنىڭغا كۆزىنى تىكتى ۋە گۈلگە مۇنداق دېدى:

ــــ ئەي قىزىلگۈل، ساڭا ماقۇل كەلسە، ساڭا كۆڭلۈمدە بىر سۆزۈم بار ئېيتسام...

قىزىلگۈل ساباغا ئەگىشىپ بېشىنى ئاستا

لىكشىتتى.
سابا ئالدى بىلەن لەۋ ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ گۈلنىڭ ئۈستىگە هايات بەخش شەربەتلىرىنى شەبنەم قىلىپ چاچتى، ئاندىن مۇنداق دېدى:
ـــ ئەي گۈل، سەندەك بىر سۆيۈملۈك گۈزەل بىر يار تۇرغاندا، ساڭا قاتتىق كۆيگەن بىر ئاشىق لايىق ئىكەن، ئۇ سېنىڭ گۈزەل جامالىڭغا هەيران بولۇپ، سەندىن جېنىنىمۇ ئايىمىغۇدەك دەرىجىدە ئاشىق بولسا، شېخىڭ بىلەن بەرگىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئاھ ئۇرسا، بۇ چىمەن باغنى سەير ئېتىۋاتقان كىشىلەر بۇنىڭدىن زوقلانسا، نېمىدېگەن ياخشى، مەن پۈتۈن جاھاننى ئىزدەپ شۇنداق بىر قۇشنى تېپىپ، سېنىڭ ۋەسلىڭگە يار قىلىپ يەتكۈزسەم بولارمۇ؟...
سابانىڭ بۇ سۆزلىرى گۈلنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، ئۇ ماقۇل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئىللىق كۈلۈپ:
ـــ ئەي سابا، ماقۇل، ئۇنداق بولسا بۇ ئىشقا سەن تىرىشقىن، ـــ دېدى قىزىلگۈل قىزىرىپ.
شۇنىڭ بىلەن سابا بۇ يەردىن ئۇچۇپ كەتتى ـ دە، بىرىنى تېپىپ قىزىلگۈلنىڭ هۆسنىگە هەيران قالدۇرماقچى، قانداقلا بولمىسۇن بىر هەقىقىي ئاشىقنى تېپىپ كەلمەكچى بولۇپ هەر تەرەپكە كۆز سېلىپ ماڭدى. مۇهەببەت شەربىتىگە تەشنا بولۇپ باغرى قان بولغان بىرەرىنى تېپىش غەرىزى بىلەن

پۈتۈن جاھاننى كەزدى. بۇ جەرياندا ئۇ دەشت ـ چۆللەرنىمۇ كەزدى، يېزا ـ چىمەنلەرنىمۇ ئارىلىدى، باغقىمۇ كىردى، تاغقىمۇ چىقتى، ئېگىزمۇ ئۇچتى، پەسمۇ يۈردى، تاپالمىدى. ئەمما، ئۇ ھەممە قۇشلارنىڭ ھالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش، ئۆزى ئويلىغاندەك بىرەر لايىق تېپىپ گۈلگە يار قىلىش خىيالىدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى.

ئۇ ھەتتا يۇرتىمىزنىڭ قۇشلىرىنىمۇ كۆردى، بۇ يۇرت قۇشلىرىنىڭ مۇھەببىتى بار ـ يوقلۇقىنى ھەتتا قاغا ـ قۇزغۇنلاردىنمۇ سورىدى. ھەي، قىزىلگۈلنىڭ خىزمىتىگە لايىق، سۆيگەن يار بولۇشقا مۇۋاپىق بىر قۇشنى تاپسام بولاتتى، دەپلا ئويلايتتى ئۇ. ئەمما ئۇنداق قۇشنى تاپالمىغىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى.

بۇ گۈزەلنىڭ چاپارمىنى ئەنە شۇنداق يېگانە قۇشنى تېپىش نىيىتىدىن يانماي جاھاننى كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى بىر باغدا ئاجايىپ بىر قۇشقا ئۇچراپ قالدى.

ئويلاپ بېقىڭلار بۇ قايسى قۇشتۇ؟!

— ئۇستاز، بىزنىڭ دېگىنىمىز بىكار، يەنىلا ھىرقەتىي بوۋىمىز نېمىدېگەن بولغىيتتى؟ تېزراق سۆزلەپ بېرىڭا؟

— بولىدۇ. ئۇ بۇلبۇل ئىدى.

سابا ئۇچۇپ يۈرۈپ ئاخىرى بىر يەرگە كەلدى، ئۇ

يەردىمۇ رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ خۇددى ھەممە يەرگە لەئىل ـ ياقۇت بىلەن كۈمۈش چېچىلغاندەك ياكى پەلەكنىڭ داستىخىنىدىن مارجانلار تۆكۈلگەندەك ياكى چېقىلىپ كەتكەن لەززەت ساندۇقىدىن جان چېچىلغاندەك شۇنداق گۈزەل، خۇش ھاۋالىق باغ ئىدى. خۇددى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە رەڭلىك مەخمەل يېيىتىلغاندەك رەڭدار چىمەن ئىدى. بۇ جاي تۈمەنمىڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەنىدى. خۇددى پادىشاھنىڭ داستىخىنىدەك كەڭ ھەم شۇنداق خۇش پۇراق ئىدى، ھەممە گۈللەر بار ئىدى ـ يۇ، بىراق قىزىلگۈل يوق ئىدى. سابا سەل ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

بۇ چىمەندە بارچە قۇشلار نىمىنىدۇر مۇنازىرە قىلىشىپ خىلمۇخىل ئۇندە ناۋا قىلىشاتتى. سابا ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى زېھنى بىلەن تىڭشىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇلبۇل ناملىق قۇش ھەممىسىدىن ياخشى سايرايتى. بۇ قۇشنىڭ يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ، ئېيتقان سۆزلىرىمۇ شۇنداق ئوتلۇق، بۇ قۇشتا ھۈنەر، خىسلەت باردەك قىلىدۇ، ھەر قېتىم سايرىغاندا ئاۋازى كىشىگە تەسىر قىلىدىكەن، تولىمۇ يېقىملىق ناۋا قىلىدىكەن، سايرىغاندا باغرى ئېرىپ كۆزىدىن قان تامغاندەك بولىدىكەن، ئۇچقاندىمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىكەن، ئۆزى باشقا قۇشلارغا

قوشۇلماي يالغۇز يۈرىدىكەن، قېشىغا بېرىپ ئۇ قۇشنىڭ ئەھۋالىنى بىر سوراپ باقاي، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردى ـ دە، بۇلبۇلنىڭ بېشىدىن ئاخىرغىچە بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

ـــ سىنىڭ ئېتىڭ نىمە؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بۇلبۇل، ـــ جاۋاب بەردى ئۇ قۇش يېقىملىق ئاۋازدا.

سابا سەل خىجىل بولۇپ، ئاندىن سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ ئەي خۇش ئاۋاز قۇش، قەيەردىن بولىسەن؟

بۇلبۇل دېدى:

ـــ مەن بىرەر جاينى مەخسۇس ماكان قىلغان ئەمەسمەن.

ـــ نىمە سەۋەبتىن يىغان چېكىسەن، ـــ دېدى سابا.

ـــ بىر گۈل ئۈچۈن باغرىم قان.

ـــ قايسى قەدەھتىن مەي ئىچكەن...؟

ـــ ئەبەدىيلىك مەيخانىسىدا شاراب ئىچكەنمەن.

ـــ نىمە ئۈچۈن بۇ يەرنى ماكان تۇتتۇڭ؟

ـــ تەقدىر پېشانەمگە شۇنداق پۈتكەن ئىكەن.

ـــ ئاھ ئۇرساڭ نەپىسىڭدىن ئوت چىقىدىكەنغۇ؟

ـــ بۇمۇ مۇھەببەتنىڭ هارارىتى.

ـــ سەن قاچاندىن باشلاپ بۇ ئوتتا كۆيۈۋاتىسەن؟



www.uyghurkitap.com

— ئۇ چاغدا مەن تېخى ئۆز جېنىمدىنمۇ بىخەۋەر ئىدىم.
— سەن ئۆزۈڭ قانداق قۇشسەن؟
— قانداقلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مەندە ئەس - ھوش يوق.
سابا يەنە سەل ھەيران بولۇپ قايتىلاپ سورىدى:
— ئەي قۇش، ئۆزۈڭنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەڭ؟ — دېدى.
— چىرايىمغا قاراپ سىرىمنى بىلمىدىڭمۇ؟
— زادى سەندە بىر ئىش بار دەپ گۇمان قىلىمەن، — دېدى سابا.
— مەن غەملىك.
— ئۇنداق بولسا غېمىڭنى ماڭا ئېيتىپ باقساڭ بولارمۇ؟
— بۇنى ئېيتىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.
— غەم يېيىشتىن زادى مەقسىتىڭ نېمە؟
— بەك قىيىن سوئاللارنى سوراۋاتىسەن.
— غەمنىڭ زادى نېمە پايدىسى؟
— بۇنى ئېيتقىلى بولمايدۇ.
— سېنىڭ دەردۇ ھالىڭ ئادەمنى بەك ئېچىندۇرىدىكەن، ئالەمنى ئۆرتەيدىكەن.
— باركاللا، ياخشى پال ئاچتىڭ، مۇبارەك بولسۇن.

ئاردىن يەنە نۇرغۇن سۆزلىششلەر بولدى، سابا گەپنى ئاستا ـ ئاستا مۇھەببەتكە يۆتكىدى.

ــــ پىغانىڭنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا كۆيگەندەك تۇرىسەن، شۇنداقمۇ؟ بۇ ئوت ساڭا نەدىن تۇتاشقان؟ ــــ دېدى سابا.

ــــ تۇيۇقسىز بىر گۈلگە كۆزۈم چۈشكەنتى، شۇنىڭدىن بېرى ئەس ـ هوشۇمنى بىلمەيمەن.

ــــ ساڭا چۈشكەن بۇ ئوت قىزىلمۇ ياكى سېرىقمۇ؟ مۇھەببەت ئوتى قانداق تۇتىشىدىكەن، قانداق كۆيدۈرىدىكەن؟

ــــ يۈرىكىمدىن قان، كۆزۈمدىن ياشلار ئاقىدۇ...

سابا زاڭلىق قىلىپ كۈلدى ۋە:

ــــ ئۇنداق بولسا بۇ ئوتنى ۋۇجۇدۇڭدىن ئۆچۈرۈۋەت، ــــ دېدى.

ــــ سەن بۇنداق سۆزنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، بۇ مۇمكىن ئەمەس.

ــــ ئۇنداق بولسا، ــــ دېدى سابا كۆيۈنۈپ، ــــ سىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەر...

بۇلبۇل بىردەم تۇرۇۋېلىپ پەرىشان هالدا دېدى:

ــــ مەن بىر دەردمەن بۇلبۇل، مەن قايسىدۇر بىر گۈلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدىم، شۇڭا چىمەنلەر ئىچىدە يىغلاپ يۈرىمەن، جىسمىم مۇھەببەت ئوتىدا كېچە ـ كۈندۈز تولغىنىدۇ. يۈرىكىمدە سەۋر ـ تاقەت قالمىدى،

ئەمما نېمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن، يۈرىكىم قان، كۆزۈم ياشتىن قۇرۇمايدۇ. ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خىياللار مېنى مەست قىلىپ قويدى، مەن ئۇ گۈلنى ئىزدەيمەن، ئەمما تاپالمايمەن، ئۇنىڭ ئوتىدا پۇچىلىنىپ، ئۇ گۈلنىڭ ئايىغىنى قۇچاقلاشنى ئويلايمەن، بۇ دەردلەر بىلەن يا جېنىم چىقمىدى، ئۇ پەرى سۈپەت يار يادىمغا كەلسە ۋۇجۇدۇمغا ئوت تۇتىشىپ جېنىم قاقشايدۇ، كۈندۈزى گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ، كېچىسى كۆزۈم ئۇيقۇدىن نېرى. ئارام ئېلىپ ياتالماي يىلانىدەك تولغىنىمەن، دېمەك مېنىڭ ھەمىشەم قىلىدىغان ئىشىم دەرد ئازابىدا تولغىنىش ۋە زار ـ زار يىغلاپ كۆزۈمدىن ياش تۆكۈش، گاھىدا يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋېلىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ، ئۇ گۈلنىڭ مۇھەببىتىدە پەرۋانىمەن...

سابا ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ مەيۈسلەندى، ئۇ بۇلبۇلغا كۆيۈنۈپ:

— ئەي دەردمەن بۇلبۇل، سەن قايسى گۈلنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىڭ؟ ئۇنىڭ ئېتىنى ماڭا ئېيتقىنا؟ — دېدى.

— سەن ماڭا ياخشىلىق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن، مەندىن بەك مۇشكۈل ئىشنى سوراۋاتىسەن، ماڭا رەھىم قىلىپ كۆڭلۈمگە ئازار بەرمىسەڭچۇ؟ — دېدى بۇلبۇل ۋە يەنە زارلىنىپ، — ئۇ گۈزەلنىڭ ئېتىنى ئېيتىشقا

تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇ يادىمغا يەتسىمۇ ۋۇجۇدۇم ئوتتا كۆيىدۇ، شۇڭا ئۇنى يادىمغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقىمەن، شۇنداق تۇرسا ئۇنىڭ ئىتنى قانداقمۇ ئېيتىپ بېرەلەيمەن؟!

— ئۇ شۇنچە گۈزەلمۇ؟ — سورىدى سابا قىزىقىپ.

— بىر دېمە، جاھاندا ئۇنىڭدەك گۈزەل بىر گۈل ئېچىلغىنى يوق، سەنمۇ ئۇنداق بىر گۈلنى كۆرگەن بولساڭ ئېيتىپ باققىنا؟ ياق! سەن ئۇ نازۇك جانانىنى ئىلگىرى - كېيىن كۆرۈپ باقمىغان، ئۇنىڭ رەڭگى توق قىزىل، يۈزى خۇددى تولۇن ئايدەك، ئۇنىڭ بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق، سەھەردە كۈلۈپ ئېچىلىدىغان بولسا، كۆزۈمگە خۇددى چوغدەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇ بىرلا جىلۋە قىلىدىغان بولسا، مەن بىچارىنىڭ تېنىدە جان قالمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىشقىدا ھەردەم ئاھ ئۇرۇپ، كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ئايىغىغا سۇ سېپىمەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسام، ئۇنى ياد ئەتسەم كۆڭلۈم تەسەللى تاپىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىشقىدا زارىم تۈگىمەيدۇ...

سابا تېرىكىپ قالدى:

— بولدى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى دەۋرەمەي، پەقەت ئۇنىڭ ئىسمىنىلا ئېيتىپ بەر، مەن ئۇنىڭ قانداق گۈل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاي - دە، يۈرتۈمغا قايتىپ كېتەي، — دېدى.



www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئۇ بىچارە بۇلبۇلنىڭ يارىنىڭ ئېتىنى ئېيتىشتىن باشقا ئىلاجى قالمىغانىدى.

— ئۇنىڭ ئېتى «گۈلى قەھقەھ». ئۇ مۇشۇ چىمەنلىكتىكى بارچە گۈللەرنىڭ پادىشاھى، — دېدى ـ دە، جىسمىغا ئوت تۇتىشىپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

— بۇلبۇل ھوشىغا كېلەمدۇ؟ سابا ئۇنىڭغا نېمە دېدى؟

— بۇلبۇل ھوشىغا كەلدى، سابا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ئەي بۇرادەر جاھاندا دەردى يوق كىشى بولمايدۇ، جاپا چەكمەيدىغان ئاشىق يوق، ئويلاپ كۆرگىنە، ئەگەر گۈلنىڭ پۇرىقى بولمىسا گۈلشەننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. جاھاننى كۆرمەي تۇرۇپ ياخشى بىلەن ياماننى قانداق ئايرىيالايسەن؟ قارىسام بۇ يەر سېنىڭ ماكانىڭ ئىكەن، ھېلىقى گۈلنىمۇ ئېغىزىڭدىن چۇشۇرمەيدىكەنسەن، بىراق جاھاندا ياخشىدىنمۇ ياخشىسى تېپىلىدىغۇ، مەن بىر گۈلشەننى بىلىمەن، ئۇ يەردە ئاجايىپ نازاكەتلىك بىر گۈل بار، ئۇنىڭ ئېتى قىزىلگۈل، سەن ئۇنى بىر كۆرۈپ باقساڭ، بەك ياخشى بولاتتى، — دېدى.

ئۇ بۇلبۇلنىڭ مەيلىنى قىزىلگۈلگە تارتىش ئۈچۈن ئىختىيارسىز ھالدا سۆزلەپ كەتتى.

— ۋاھ، كىشىنىڭ ئاشۇ قىزىلگۈلدەك بىر يارى بولسا، جايى دوزاخ بولسىمۇ راھەت تۇيۇلىدۇ، كۆرمەك جېنى بولسىمۇ قۇربان قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ۋاھ، بۇ يەردىكى گۈللەر ئۇ قىزىلگۈلنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. سەن كۆيگەن «گۈلى قەھقەھە»نىڭ پەقەت چىرايىلا بار ئىكەن، قىزىلگۈل بولسا ئالەمدە يەككە ـ يېگانە، گۈلى قەھقەھەتىن ئوتۇۋنى ئۆچەر. سېنىڭ ئۆمرۈڭ بۇ يەردە بىكار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، نېمىشقا قىزىلگۈلنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ باقمايسەن؟ ئۇنىڭغىمۇ سەندەك بىر خۇشناۋا بىر ئاشىق كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ سۇپەتلىرىنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنى مەدھىيىلىگەن شائىر مۇنداق دېگەن:

باھار بولسا دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈر،
گۈل ئېچىلسا قىز ـ يىگىتلەر سۆيۈنۈر.

ئەي بۇلبۇل، سەن بۇيەردىن پەرۋاز قىل، غەمدىن قۇتۇلغىن، ئۇ يەردە قىزىلگۈلدەك بىر يار تۇرسا، ساڭا بۇ يەردە نېمە بار، قىزىلگۈل بىلەن ئىشرەت قۇرۇشنى ئويلاپ كۆرمىدىڭمۇ؟
سابا تۇمەن مىڭ خىل چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قىزىلگۈلنى تەرىپلەپ بولبۇلنىڭ كۆڭلىنى قىزىلگۈلگە مايىل قىلدى.

بولبۇل دېلىغۇل بولۇپ سابادىن سورىدى:
— ئەگەر ساڭا ئەگىشىپ ئۇ يەرگە بارسام، ئۇ ماڭا ھەقىقىي يار بولارمۇ؟ ئېيتقىنا ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەلەيمەنمۇ؟ ئەگەر مەن ئۇنى دەپ بۇ چىمەننىمنى قولدىن بېرىپ قويسام، ناۋادا ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا بىرىدە بولۇپ قالسا، مەن كىشىنىڭ يارىغا كۆڭلۈمنى بەرسەم، بىراق كۆڭلۈمنى چۈشەنمىسە، مۇنداقچە ئېيتقاندا كىشىنىڭ يارىنى دەپ ئۆز يارىمدىن ئايرىلسام، بۇ تازا ئوبدان بولمامدۇ، قانداق؟ بولمىسا سەن ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن، ئەگەر مېنى ماقۇل كۆرسە ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا باراي، — دېدى.
— ئۇنداقتا سەن، — دېدى سابا، — ئۇنىڭغا خەت يازغىن، مەن ئېلىپ بېرىپ جاۋابىنى ساڭا ئەكېلەي.
بۇلبۇل سۆيگۈ خېتى يېزىشقا ئولتۇردى. ئۇ بۇنداق خەتلەردىن نەچچىنى يازدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بۇلبۇل بىلەن گۈلنىڭ خەتلىرى

— ئۇستاز، سابا بۇلبۇلنى قىزىلگۈلگە مايىل قىلالىدىمۇ؟

— بۇلبۇل يەنىلا سەل دىلىغول بولۇۋاتاتتى. بىراق سابانىڭ كەپلىرىگە قىزىقىپ قىزىلگۈلنى سىناپ باقماقچى بولۇپ خەت يازدى.

«ئەي گۈل، مەن سېنىڭ ھۆسن ـ جامالىڭنىڭ تولغان ھەم قىپقىزىل، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، سۆزلىرىڭنىڭ شېرىن ـ شېكەر ئىكەنلىكىنى سابادىن ئاڭلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھاياجانغا چۆمدى، مۇھەببەت ئوتۇڭ يۈرىكىمگە تۇتاشتى، مەن سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىشقا باراي دەيمەن، چۈنكى ئۆزۈڭنىڭمۇ بىر خىزمەتكار تېپىش نىيىتىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، سېنىڭ چوغدەك لەۋلىرىڭدىن شېرىن ـ شېكەر تامىدىكەن، ئاشۇ مەست قىلغۇچى شەربەتلىرىڭنى تېتىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىمەن، شۇڭا ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، بوسۇغاڭدىن ھەرگىز قايتمايمەن» دەپ يازدى. سۆيگۈ خېتىنى قاتلاپ ساباغا بەردى.

سابا خەتنى ئېلىپ ناھايىتى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ قىزىلگۈلنىڭ قېشىغا بېرىپ، سالام بەردى.

— ئەي خەۋەرچى، بۇ يەردىن كېتىپ نەلەرنى كەزدىڭ، نەدە تۇرۇپ كىملەرگە دوست بولدۇڭ؟ — دېدى گۈل ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ.

— باغنىڭ زىننىتى قىزىلگۈل، ساڭا بىر ۋاپادار يار تېپىش ئارمىنىم بارلىقىنى سەن بىلىسەن، مەن بۇ يەردىن كېتىپ تاغ ـ دەريالارنى كەزدىم، ۋادىلارنى ئارىلىدىم، ئاخىر بىر چىمەنگە بېرىپ قالدىم، ئۇيەردە تۈرلۈك قۇشلار ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. شۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قۇش بار بولۇپ، بەك غەمكىن بولسىمۇ ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق ئىكەن، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ  هال ـ ئەھۋالىنى سوراپ پاراڭلاشتىم، ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرۇقىدىن سۆيگۈسىگە بىر ئۆمۈر ۋاپادار يار بولالايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەن مۇھەببەت يېپىغا ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنى تىزىپ سېنىڭ سۈپەتلىرىڭنى مەدھىيىلىدىم، ئۇنىڭ ئىسمى بۇلبۇل بولۇپ، گۈلى قەھقەھ دېگەن بىر گۈلگە ئاشىق ئىكەن، مەن ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ:

«قىزىلگۈل دەپ بىر ئاجايىپ گۈل بار، ھەممە ئۇنىڭ ھۆسنىگە قۇل، سەنمۇ ھەممىدىن ئۇستۈن ئىكەنسەن، سەن ئۇنىڭغا لايىق» دېدىم. ئۇنىڭ كۆڭلىنى گۈلى قەھقەھتىن سوۋۇتۇپ، ساڭا مايىل

www.uyghurkitap.com

قىلدىم، ئۇ سېنىڭ قېشىڭغا كەلمەكچى بولدى، بىراق سەندىن تارتىنىپ: «سەن ئاۋۋال گۈلگە دېگىن، ئۇنىڭ ماڭا مەيلى بار ـ يوقلۇقىنى سورىغىن، ئەگەر ئۇ مېنى قوبۇل قىلسا جان ـ دىلىم بىلەن باراي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇھەببەتنامىنى يېزىپ ساڭا ئەۋەتتى، — دەپ بۇلبۇلنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا بەردى.

سابا بۇلبۇلنىڭ خېتىنى قىزىلگۈلگە ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، گۈل قىزىرىپ تۇرۇپ:

— ئۇنىڭغا دېگىن، يېنىمغا كەلسۇن، ئۇ مېنىڭ بەزمەمدە سازەندە بولۇپ، يېقىملىق مۇھەببەت كۈيىنى كۈيلىسۇن، ئېھتىمال مېنىڭ جاراھەتلەنگەن كۆڭلۈمگە شىپا بولۇپ ساقىيىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى. ئاندىن بىر پارچە خەت يېزىپ ساباغا بەردى. ئۇ خېتىدە مۇنداق يازغانىدى:

«ئەي بۇلبۇل، سابادىن ئەۋەتكەن خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، سېنىڭ ۋەسپىڭنى ئاڭلىدىم، ئۇمىدتارى بوينۇمغا سېلىقلىق زەنجىر، مەن سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكى قول بولۇش قارارىغا كەلدىم، ئەگەر سەن مېنى دەپ بۇ يەرگە كېلىدىغان بولساڭ، بارلىقىمنى ساڭا پىدا قىلىمەن. كەلگىن، يېقىملىق ناۋالىرىڭ بىلەن كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنلەرنى يېشىپ، ئۆلۈك جىسمىمغا جان كىرگۈزگىن...»

سابا قىزىلگۈلنىڭ بۇ خېتىنى ئېلىپ يولغا

چىقتى. چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ، ئوت ـ سۇلغىمۇ قارىماي ئىشتىياق بىلەن تېز سۈرئەتتە يول يۈرۈپ، نەچچە كۈندىن كېيىن بۇلبۇلنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى.

قارىسا بۇلبۇل خۇددى غەم تېغى بېسىۋالغاندەك بىچارە ھالەتتە تۇراتتى، ئۇ سابانىڭ غۇيۇلداپ كەلگەن تاۋۇشىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خۇش بولۇپ ئاجايىپ يېقىملىق ئۈندە ناۋا قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق ناۋاسى گويا ئۆلۈككە جان كىرگۈزگەندەك ئېزگۈ ئىدى، شۇنداق قىلىپ بىچارە بۇلبۇل سابانى كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭلىدىكى مۇھەببەت قايتىدىن جۇش ئۇردى، ئۇ سابادىن ئىشىنىڭ تېگىنى سورىدى.

ــــ قىزىلگۈلنىڭ قېشىغا باردىم، سېنىڭ خېتىڭنى بېرىپ، سالامىڭنى يەتكۈزدۈم، ئۇ «بۇلبۇل بىچارىگە ئېيتقىن، يېنىمغا كېلىپ، غەمكىن كۆڭلۈمگە داۋا بولسۇن، ھەرقانداق كىشىگە مۇڭداش يار كېرەك، كۆرۈنگەنلا كىشىنى سىرداش قىلغىلى بولمايدۇ. غەرەز ئۇققىدەك چىن دوست بولغاندا، ئۇنداق ياخشى دوستقا جېنىنى بەرسە ئەرزىيدۇ. يېنىمغا كەلسۇن» دەپ بۇ خەتنى ئەۋەتتى، ــــ دېدى ۋە گۈلنىڭ خېتىنى بۇلبۇلغا بەردى.

بۇلبۇل خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، سابا بۇلبۇلغا:

— بۇلبۇل، ئىككىلەنمە، يۇر بارايلى. سەن گۈلنى كۆرگەندە ئاندىن ئۇنىڭ دەردىنى بىلىسەن، ئۇنىڭ مۇڭداش يارى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ دەردى بەك يامان، — دېدى.

بۇلبۇل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جابدۇنۇپ گۈلى قەھقەھ بىلەن خوشلىشىپ، سابانىڭ يول باشلىشى بىلەن قىزىلگۈلنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى گۈلى قەھقەھنى تاشلىغانىدى.

ئىككىسى تولىمۇ ئۇزاق يول يۈردى، ئۇلارنىڭ قىزىلگۈل قېشىغا بېرىشى ئۇنچە ئاسانغا چۈشمىدى. شۇنداقتىمۇ سابا ئالدىدا «غىر - غىر» ئاۋاز چىقىرىپ، جاھاندىن چاڭ - توزان چىقىرىپ غۇيۇلداپ ئۇچاتتى. بۇلبۇل بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئەگىشىپ ئۇچاتتى. بۇ چۆل - باياۋانلاردا سابا نەغمىچى بولسا، بۇلبۇل غەزەلخان بولۇپ توختىماي يۈرەتتى.

— ئۇستاز، بۇلبۇلدىن مەھرۇم قالغان گۈلى قەھقەھنىڭ ھالى قانداق بولغاندۇ؟

— ھەئە، ئۇ بۇ يەردە قالغان، ئۇ نالە قىلاتتى: «بۇلبۇل ئەسلىدە مېنىڭ ۋاپادار يارىم ئىدىڭ، ئەمدى ۋاپاغا جاپا قىلدىڭ، كۆڭلۈمگە ئايرىلىش ھەسرىتىنى سېلىپ مېنى تۇگىمەس دەردلەرگە قويدۇڭ، مېنى

ھىجران دەشتىگە تاشلاپ، باشقا بىر يارنى كۆزلەپ كەتتىڭ. ئەمدى مەن كىمگە ھالىمنى ئېيتىمەن؟!» دەپ زار - زار يىغلىدى ۋە بۇلبۇلنى ئازدۇرغان ساباغا ئاچچىقى كېلىپ: «نەدىن پەيدا بولدى بۇ ئېزىتقۇ؟ مېنىڭ يارىمنى يېنىمدىن ئېلىپ كەتتى، بېشىمغا كۈلپەت سالدى، ئەي تەڭرىم، ساڭا يىغلايمەن، بۇلبۇلمۇ مېنى ھىجران ئوتىغا تاشلاپ كەتتى، ئىلاھىم ئۇمۇ باشقا ياردىن ۋاپا كۆرمىسۇن!» دەپ پىچىرلىدى ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

سەپەردە ساباغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بۇلبۇل بولسا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تەشۋىشلىك ئوي - خىياللارنى سۈرەتتى. قىزىلگۈل مەن سېنى دەپ يۇرتۇمدىن كەچتىم، سېنى دەپ ئاشۇ جانانىمدىن كەچتىم، ئەمما سەن ۋاپايىمغا پەرۋا قىلارسەنمۇ؟ ئەمدى مەن سېنىڭ كويۇڭغا كىردىم، ھەممە نەرسەمدىن كەچتىم، ئەمدى ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا تۇپا - تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسەممۇ مەيلى، سېنىڭ ۋەسلىڭگە يەتسەم قىلچە ئارمىنىم قالمايدۇ، گۈل، ئەمدى نېمە قىلماقچى بولساڭ ئۆزۈڭ بىل، ئامالىم يوق، ساڭا ئۆزۈمنى تاپشۇردۇم...

## بۇلبۇل ئاشىق ـــ يارى گۇل

ـــ سابا بىلەن بۇلبۇل قىزىلگۇلنىڭ قېشىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بارالىغانمىدۇ؟

ـــ ھەئە، ئۇلار قىزىلگۇل ئېچىلغان چىمەنگە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلدى. سابا بۇلبۇلنى قىزىلگۇلنىڭ قېشىدا يالغۇز قالدۇرۇپ، مەمنۇنىيەت بىلەن قاياقلارغىدۇر كېتىپ قالدى.

بۇلبۇل ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، رەڭگارەڭ گۇللەر ئارىسىدا چوغدەك يېنىپ تۇرغان قىزىلگۇلگە ئەيمىنىپقىنا نەزەر تاشلىدى ۋە تەمتىرەپ سالام قىلدى.

ئۇ ھەيران قالغانىدى، ئەجەب ئىش ـ ھە؟ بۇ كۈندۈزى تۇرسا بۇ چىمەنلىكنى يۇلتۇزلار قاپلاپ كېتىپتۇغۇ؟!... ئەنە مەشۇق قىزىلگۇل ياقۇت مارجانلارغا ئوخشاش پورەكلەپ، بەرگىنى ھەر تەرەپكە يايغان، شېخى يېشىل ياپراقلار بىلەن قاپلىنىپ ھۆسنىدىن ئەتىر پۇراقلىرى تارىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر غۇنچىسى خۇددى دىلبەر قىزنىڭ بويىدەك نازۇك

ھەم زىلۋا، ئۇنىڭ تىكەنلىرىچۇ تېخى، خۇددى كىرپىدەك، خۇددى بەتلەپ قويۇلغان كامانىنىڭ ئوقىدەك زىبا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، يۈزلىرىدىن تارىغان نۇردا ھەركىمنىڭ يۈزلىرى ئىختىيارسىز قىزىرىدۇ. ئۇنىڭ خۇشبۇيي ھىدى جانغا راھەت بېغىشلايدىكەن. ئەمما تىكەنلىرى تېگىپ كەتسە جاننى ئاغرىتارمۇ؟!...

قىزىلگۈلنىڭ ھۆسنىدىن تارىغان ئوت بۇلبۇلنىڭ تەشنا يۈرىكىنى ئۆرتىدى. ئۇنىڭ پۈرىقى بۇلبۇلنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇش بىلەنلا، ئۇ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

ئوتنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشى كۆيمەي قالامدۇ؟! خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش قىزىلگۈلنىڭ ھۆسنى بۇلبۇلنىڭ جېنىغا ئوت بولۇپ تۇتاشقانىدى. بۇلبۇل بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن توختىماي ياش ئاقاتتى، بۇلبۇل بۇ يەردە تۇرۇشىنىمۇ، كېتىشىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. چۈنكى، قىزىلگۈل بايا ئۇنىڭ سالامىغا پەرۋامۇ قىلماي قويىمىغانىدى. بىراق، بۇلبۇل پۈتۈنلەي مۇھەببەت ئەسىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇ قانىتىنى كېرىپ ئۇچتى، ئۇ ئەمدى قىزىلگۈلنىڭ بېشىدىن پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. ئۇ خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئېغىزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ ئاھ ئۇراتتى. گاھى مەجنۇندەك يىغلاپ، گاھى قاقاقلاپ كۈلەتتى. گۈلدۈرمامىدەك ھۆركىرەپ يىغان چېكەتتى،

دېمەك قىزىلگۈل غەم زەھىرى توشقۇزۇلغان پىيالىنى بۇلبۇلغا سۇنغاچقا، بۇلبۇل چىدىيالماي ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى. بىراق، قىزىلگۈل ئۇنى شېخىغا قوندۇرۇپ چىراي ئاچماي ناز بىلەن ئۇنى قىينايتتى. بۇلبۇلنىڭ يىغا - زارى پەلەككە يەتتى. ئۇنىڭ نالىسىدىن ھەتتا كۆكتىكى پەرىشتىلەرمۇ تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشىۋاتاتتى. بىراق قىزىلگۈل ياكى ئۇنى ئۆز ھۆسن - جامالى بىلەن داۋالىمىدى ياكى شېرىن سۆزى بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمىدى، تەسەللى ئورنىغا ئۇنىڭ باغرىغا تىكىنىنى سانجىيتتى. لېكىن ئاشىق بۇلبۇل ئۈچۈن گۈلنىڭ تىكىنى گوياكى بال - شېرىنلىكى ئىدى. شۇڭا ئۇ يەنە گۈلنى قۇچاقلايتتى، تىكىنى سانجىلسا يەنە نېرى قاچاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمەيتتى. ئۇ كۆڭلىدە: مۇھەببەتتىن سانجىلغان تىكەن تەنگە داۋا، ئازراق جاپا تارتسامۇ، كېرەك يوق، دەپ ئويلايتتى. دېمەك بۇلبۇل ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، گۈل بولسا بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ قويمىدى.

شۇنداق، سوراپمۇ قويمىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ئىشتىن بۇلبۇلنىڭ كۆڭلى رەنجىگەنىدى. ئۇ: بۇ بىر باغرى تاش يار ئوخشىمامدۇ؟ راست بۇ ۋاپاسى يوق، رەھىمسىز بىر جان ئىكەن، مەندىن بىرەر قېتىممۇ



www.uyghurkitap.com

«سەن كىم؟» دەپ سوراپ قويمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا بىر گەپ قىلىپ باقاي، دەپ ئويلىدى ـ دە، گۈلگە قاراپ:

ــــ ئەي قىزىلگۈل، مەن ساڭا جان دىلىم بىلەن ئاشىق بولۇپ يېنىڭغا كەلدىم، ئەمما سېنىڭ باغرىڭ نېمانچە قاتتىق؟ مېنىڭ يىغا ـ زارەم ساڭا ھېچ بىر تەسىر قىلمىدى، مېنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن قىلغان ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلمىدىڭ، مەندىكى ئوت ــــ مۇھەببەت ئوتى تاغنىمۇ ئېرىتىپ سۇ قىلىۋېتەلەيدۇ، چالغان سازىم، نالىلىك كۈيۈمگە ئەسىر بولمايدىغان ئادەم يوق، مەن سابانىڭ سۆزىگە كىرىپ بار ـ يوقۇمنى ساڭا پىدا قىلغانمەن، بىراق مېنىڭ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلمىساڭ مەندە نېمە چارە، مەن ئۆز يۇرتۇمغا كېتەي، ــــ دېدى ئاچچىقى بىلەن.

بۇلبۇلنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان قىزىلگۈل خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ بىردەم تۇردى، ئاندىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، بۇلبۇلغا ناز بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ:

ــــ نېمانچە نازۇكسەن، خوش، نەدىن كەلدىڭ؟ ــــ دەپ سورىدى قىزىلگۈل بۇلبۇلدىن.

ــــ ئەقلى ـ ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدىنمۇ گەپ سورامسەن؟ ــــ دەپ جاۋاب بەردى بۇلبۇل.

ــــ ئۇنداق قىلماي دېگىنە، ئۆزۈڭ قەيەرلىك، ــــ ناز بىلەن سورىدى قىزىلگۈل.

— مۇھەببەت شەھىرىدىن بولىمەن — مەنىلىك جاۋاب بەردى بۇلبۇل.

سوئال - جاۋابلار قىسقا ئەمما، مەنىلىك داۋاملىشىۋاتتى.

— نېمە سەۋەبتىن ئاھۇ پىغان چېكىسەن؟ — دېدى قىزىلگۈل.

— ساڭا كۆيگەنلىكىم ئۈچۈن...

— ۋىيەي، ھالىڭ نېمانچە پەرىشان؟...

— سېنىڭ مۇھەببەت شارابىڭدىن بىر قەترە ئىچەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن....

— ساڭا بۇ غەملەر قانداق يەتتى؟ نېمانچە پەرياد چېكىسەن؟

— چۈنكى سەن ماڭا كۆپ زۇلۇم سالدىڭ، سېنىڭ پەرۋاسىزلىقىڭ يۈرىكىمنى چاك - چاك قىلىۋەتتى.

— ۋاي جېنىم، سېنىڭ سۆزلىرىڭ نېمانچە تاتلىق - ھە؟...

— چۈنكى سېنىڭ ئېتىڭ ھەمىشە جېنىم ۋە تىلىمدا يادلىنىدۇ...

قىزىلگۈل جىلمىيىپ يەرگە باقتى، بۇلبۇل ئۈنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى، ئەمدىلىكتە ئۇلار بىر جان بىر تەنگە ئايلانغانىدى. ئۇلار شۇ قۇچاقلاشقانچە ئۇزاققىچە ئاجرىمىدى. بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىشىپ سىرلىرىنى تۆكۈشتى، يىغلاشتى، كۈلۈشتى، چۈنكى

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇھەببەتنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىشقان، تولا ئازاب چېكىشكەنىدى.

بۇلبۇل كۆڭلىدە: ئۇنى يەنە بىر سىناپ باقاي، گۇلنىڭ ۋاپاسى بارمۇ ـ يوقمۇ؟ دەپ ئويلىدى.

ــــ قىزىلگۇلۇم، سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلغىنىم راست، ئاۋۋال سەن مەن بىچارىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سابانى ئەۋەتكەن ئىكەنسەن، ئىلتىماسىڭغا بىنائەن يېنىڭغا كېلىپ، خىزمىتىڭنى قىلىپ پايپېتەك بولماقچى بولدۇم. ئەمما، ۋەسلىڭگە يېتەلمەي قاقشاپ يۈردۇم، زار ـ زار يىغلىدىم، كۆزۈمدىن ياش ئورنىغا قان ئاقتى، تىكەنلىرىڭ يۈرەك ـ باغرىمنى تۆشۈك قىلىۋەتسىمۇ چىدىدىم. ئەمما، سەن ماڭا چىراي ئاچمىدىڭ، ماڭا ۋاپا قىلمىدىڭ، ساڭا شۇنچە مۇھەببەت قويغىنىم ئۈچۈن ئەمدى پۇشايمەن قىلىۋاتىمەن، شۇڭا بۇ يەردىن سېنىڭ يېنىڭدىن كېتەي دەيمەن، ئەسلى سەندىن ۋاز كېچىش نىيىتىم يوق ئىدى، بىراق سەن... ــــ بۇلبۇل شۇنداق دېدى ـ دە، گۇلنىڭ تىكىنى كىرىپ كەتكەن يۈرىكىنى تۇتۇپ ئازابلانغاندەك تەتۈر قارىۋالدى.

بىراق، بۇ راستتىنلا بۇلبۇلنىڭ گۇلنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قىلغان يالغان ئىشلىرى ئىدى، بۇ خىل يالغانچىلىق ئۇنىڭغا ئەسلى كۆنداشلىق تىكىنىنىڭ ئازابىدىن كەلگەنىدى.

— ئۇستاز، بۇلبۇل راستتىنلا كېتەرمۇ؟ ئەگەر راستتىنلا كەتسە قىزىلگۈل قانداق قىلار؟ تېزراق داۋامىنى دەڭا؟

— ئەسلىي بۇلبۇل سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان، لېكىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلاندى، گۈلنىڭ قىلغانلىرىنى بىرمۇ بىر ئەسلىدى، گۈلنىڭ قىلىقى ئۇنىڭغا راستتىنلا ھار كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۈلنىڭ تىكەنلىرى، ياپراقلىرىغا نىسبەتەن قاتتىق كۆندشلىق، رەشك پەيدا بولدى. ئۇ راستتىنلا كەتمەكچى بولۇپ گۈلگە:

— گۈل، ئەسلىي سەن بىلەن ئىككىمىز يالغۇز قالغان بولساق، جامالىڭ چىرىغىدىن كېچە - كۈندۈز ئايلىناردىم. ئەمما ھازىرقىدەك يات كىشىلەر ئارىمىزغا تىقىلىۋالسا، كىشى يارىنىڭ قېشىدا ئۆز رەقىبىنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىدىكەن، يارنىڭ قېشىدا رەقىب تۇرغىنىنى كۆرگەندىن بېشىغا ئوت قويۇپ ئۆلگەن مىڭ ياخشى، شۇڭا مەن كېتەي بۇ يەردىن، — دېدى - دە، قانىتىنى قېقىپ، پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ شۇ خاپىچىلىقتا بىر ئۇچقانچە نەچچە كۈنلەرگىچە تاغ - چۆللەردە ئۇچۇپ يۈردى. باغ بولسۇن، تاغ بولسۇن، چۆل بولسۇن، سۇ بولسۇن ھېچ يەرگە قونمىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىزا بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بەزىدە يىغلىسا، بەزىدە كۈلەتتى، قىزىلگۈلنى ئۇنتۇيالماي

ھوشىدىن كەتكۈدەك بولۇپ كېتەتتى. ھىجران تاشلىرى كۆكسىگە ئۇرۇلۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق غەم چۆللىرىنى كېزىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە ئاخىر بىر جايدا توختاپ قوندى.

بۇ يەردە گۈل تۇرماق بىر تال تىكەنلىك گىياھمۇ يوق ئىدى، ئۇ ئەتراپقا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تەڭرىگە نالە قىلدى: «ئەي تەڭرىم، مېنى ئۇيات، نومۇس ياردىن ئايرىۋەتتى، بىراق ئايرىلىش بەك يامان ئىكەن، ئاشۇ تىكەنگە بولغان كۈنداشلىقىم مېنى ياردىن ئايرىدى، مەن چىدىغۇسىز ھىجران ئازابىدا قالدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئەمدى قانداق قىلىمەن، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ چىمەنگە كەلدىم، ئەمما ئۇنىڭ يېنىدا بولسام تىكىنىگە چىدىيالمايدىكەنمەن، ئەي تەڭرىم، گۈلنى تىكەندىن ئايرىۋەت، ئەمما مېنى يارىمدىن ئايرىما!...» دەپ ئۇنلۇك نالە قىلدى ۋە ئۆكسۈپ تۇرۇپ، يىراق ـ يىراقلاردا قالغان قىزىلگۈلگە غايىبانە خىتاب قىلدى: «ئەي گۈلۈم، سېنىڭ چوغدەك جامالىڭنى كۆرۈپ تۇرمىسام كۆڭلۈم بۇلبۇلگويامۇ بولالمايدۇ، ئەگەر سەن ھەر كۈنى سەھەر يېنىمدا ئېچىلىدىغان بولساڭ، ھەرقانداق پەرىگىمۇ نەزەر كۆزۈمنى سالماستىم. سەن بولمىساڭ كۆڭلۈمگە ئەلەمدىن باشقىسى كەلمەيدىكەن،

www.uyghurkitap.com

راست دەيمەن. سەن بولمىساڭ مەن ھايات ياشىيالمايمەن، ياردىن يىراق يەردە تۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزۈش نېمىدېگەن تەس ـ ھە؟!...»

ئۇ يەنە تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەنە قىلاتتى: «ئاشۇ ۋاپاسىز يارنى دەپ ئاۋارىچىلىق تارتىۋاتىمەن، ئەمدى نېمە ئامال؟ ئەسلىي مەن ئۇنى دەپ گۈلى قەھقەھەنى تاشلاپ كەتكەنىدىم، ئەمدى پەلەك مېنىمۇ ياردىن ئايرىدى، ئەمدى گۈلى قەھقەھەنىڭ قېشىغا قانداق بارارمەن؟!...» ئۇ ياش تۆكۈپ يىغلايتتى. قىزىلگۈلنىڭ ھىجران ئازابىغا چىدىيالماي غەزەل ئوقۇپ سايراتتى.

جەمالىڭدىن جۇدا بولدۇم، نىگارىم،
نە تەندە سەبر، نە جاندا قەرارىم.

كۆزۈمنىڭ نۇرى ھۆسنىڭ شەمئى ئېردى،
جۇدا بولدۇم، قارادۇر روزگارىم.

سېنىڭ ۋەسلىڭ تەمەننا ئەيلەپ، ئەي گۈل،
يىلاندەك تولغانۇر بۇ جىسمى زارىم.
تىكەننى ئايرىساڭ نازۇك تېنىڭدىن،
قاشىڭغا يەتمەيىن بارمۇ تۇرارىم.

مېنى مۇنداق بەلاغە رەشك سالدى،
قاچان ئېردى جۇدالىق ئىختىيارىم.

قانارىم يوق ئىدى ۋەسلىڭ مەيدىن،
نەچە ئىچسەم تۈتار ئېردى خۇمارىدىم.

سېنىڭ يادىڭدا، ئەي گۈل، جان بېرۇرمەن،
مېنىڭ يوقتۇر بۇ قەۋلىمدىن يانارىم.

## سابا (سەھەر شامىلى) گۈلنى تونۇتماس، بۇلبۇل گۈلدىن ئايرىلماس

— ئۇستازىم، يىراقتا قالغان گۈلنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغاندۇ؟ ئۇمۇ ھىجران ئازابى چەككەنمىدۇ؟ ئۇلارنىمۇ سۆزلەپ بەرسىڭىز.

— بولىدۇ، سىلەر سابانىڭ گۈل بىلەن بۇلبۇلنى يالغۇز قالدۇرۇپ قاياقلارغىدۇر كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر؟

— ئۇنتۇپ قالمىدۇق.

— ھە، شۇ سابا بۇ چاغدا جاھاننى سەير قىلىپ گۈلشەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ قارىسا گۈلشەن ئىچى ئۇن - تىنسىز، بۇلبۇلمۇ كۆرۈنمەيدۇ، قىزىلگۈلمۇ جىمىپلا قاپتۇ. سابا شىپىرلاپ كېلىپ، گۈلنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— گۈل جامالىڭغا ئاشىق بولغان بۇلبۇل قېنى؟

— يامانلاپ كەتتى، — دېدى گۈل مەيۈس ھالدا، — ئۇ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدىكەن.

— ئۇنىڭ نېمە ئىشتىن كۆڭلى ئاغرىپتۇ، بۇ

يەردىن كېتىشىگە زادى نېمە سەۋەب بوپتۇ؟! ــ كوچىلاپ سورىدى سابا.

ــ دەردى ھالىمنى سوراپ قويمىدىڭ، تىكەن بەدىنىمگە سانجىلدى، جېنىمنى ئاغرىتتى، دەپ مەندىن يامانلاپتۇ، ــ دېدى گۈل.

ــ نەگە بارىسەن؟ يېنىمدا تۇرغىن دېمىدىڭمۇ؟

گۈلمۇ خاپا بولۇپ قالغانىدى، توغرىسى ئۇمۇ تەگەپ قالغانىدى.

ــ قانداق قىلىمەن، كەتسە كەتسۇن، مەن ئۇ سۆزنى قانداق ئېيتالايمەن، يول بولسۇن! ــ دېدى قاپىقىنى تۈرۈپ.

ــ ھەي گۈل، ــ دېدى سابا نەسىھەت قىلىپ، ــ ئۇ سېنى دەپ كەلگەن تۇرسا، ئۇ سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇپ كېچە ـ كۈندۈز يېنىڭدا تۇرۇش ئۈچۈن ۋەدە قىلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى، قارا، كۆچەتكە باغۋەن پەرۋىش قىلمىسا، دەرەخلەرمۇ مېۋە بەرمەيدۇ، خوجايىن ئۆز قولىنىڭ ھالىنى سورىمايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟ كۆڭۈل سوراپ قويساڭ بولمامدۇ؟...

ــ مەن...مەن ئۇنى راست ئاشىقمۇ ـ ئەمەسمۇ، قانداقراق قۇش؟ سىناپ باقاي دېگەن، ــ دېدى گۈل قىزىرىپ.

ــ ھەي نادان گۈل، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ

سائىتى بار، بىمەھەل چاغدا ناز قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئاۋۋال ھالىنى سوراپ كۆڭلىنى ئالساڭ، ئاندىن ئۇ سېنىڭ خىزمىتىڭنى ياخشى قىلمامدۇ، خوجايىن ئاۋۋال قۇلىنىڭ قەدرىگە يەتسە، ئاندىن ئۇنىڭغا ناز قىلسا يارىشىدۇ، سەن ياخشى قىلماپسەن، كىشى سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى كۆرەلمىسە، يامانلاپ كەتمەي قانداق قىلىدۇ؟...

سابا يەنە گۈلگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— گېپىمگە قۇلاق سالغىن، ئېسىڭدە چىڭ تۇت، مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ، بىلەمسەن، چوغ ئۇستىدىكى ئوتۇنغا شامال ئۇرۇپ تۇرسا، ئوت ئاسان تۇتىشىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا چوغمۇ ئۆچۈپ قالىدۇ. قارا، تۈگمەندە ئۇن ئىككى تاش ئارىسىدىن چىقىدۇ، چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ، سەن ئەخمەقمۇ باشتا مېنى ئەۋەتىپ ئۇنى ئېلىپ كەلدۈردۈڭ، كېيىن ناز قىلىپ ئۇنى ئوتقا سالساڭ، قانداق بولىدۇ؟ قارىغىنا، ناز بەك كۆپ بولۇپ كەتسە كۆڭۈلنى سوۋۇتىدۇ، غەمكىن كۆڭۈللەرنىمۇ تەسكىن تاپقۇزغىلى بولمايدۇ، يۈرىكىڭنى ئوبدان تىڭشاپ باق، ئەگەر بۇلبۇلغا يەنە كۆڭلۈڭ بولسا ماڭا بېشارەت بەر، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا يەتكۈزەي، ئەگەر كۆڭلۈڭدىكى مۇھەببەت ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن بولساڭ، ئۇ ھالدا

كەتكىنى كەتكەن بولسۇن، ـــ دېدى.
گۈل يەنىلا سەل خاپا ئىدى، ئۇ دومسىيىپ تۇرۇپ:
ـــ بۇلبۇل يېنىمدا تۇرغان بولسا ياخشى بولاتتى، ئەمما ئۇ ئۆزى قېيىداپ كەتتى، كەتسە كېتىۋەرمەمدۇ، مەن قانداق قىلىمەن؟ بۇندىن كېيىن كەلسىمۇ ـ كەلمىسىمۇ مەيلى، كارىم يوق، ـــ دېدى. ئۇ ئېغىزدا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ يۈرىكى قان بولۇپ، ئىچىدە يىغلاۋاتاتتى. چىرايى سولغانىدى.
سابا ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، چىرايىغا ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن گۇلنىڭمۇ ئايرىلىش ئازابىنى چېكىۋاتقانلىقىنى، ئېغىزىدا شۇنداق دەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇلبۇلدىن ئۈمىد ئۈزمىگەنلىكىنى، پەقەت نومۇس كۈچىدىنلا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرىدە قاراپ:
ـــ ھەي گۇل، مەن بۇلبۇلنىڭ قېشىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ باقايمۇ، ئەگەر ماقۇل دېسە ئۇنى يېنىڭغا ئېلىپ كېلەيمۇ؟ ـــ دېدى.
قىزىلگۇل بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:
ـــ مەيلى بېرىپ باققىن، كەلسە تېخى ياخشى، يار كېرەك بولسا كەلسۇن، ئەگەر كەلمەيمەن دېسە، ئۆزىنىڭ ئىشى، خەق ئارىسىدا مېنىڭ يامان ئېتىم قالمىسۇن، ئۇ نېمانچە نازۇك، مەشۇق بولغان كىشىگە

مۇشـۇنداق نـازلـىق قـىلـىـق كـېـرەك، ئاشـىـق بولـغـان كـىشى جاپاغا چـىدىيالماي ناله قـىلسا بولامدۇ؟ ئاشـىقلار، كۆيگەنلەر يالۋۇرۇش، ئـىلتـىماس بـىلـەن بولـىدۇ، مـەشۇق دېگـەن شـۇنداق نـاز قـىلـىدۇ، ئـۇ، قـىـش ـ زىـمـىـستـانـدىن كـېيىـن ياز كـېلىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىنە؟ ــــ دېدى قىزىلگۈل.

گۈل شۇ كۈنى بۇلبۇلغا بىر پارچە خەت يازدى. ئۇ بۇ مەخپىي خېتىدە مۇنداق دەپ يازغاندى: «جېنىم بۇلبۇل، قىشىمغا قايتىپ كەلگىن، ساڭا قۇل بولاي، مېنى كەچۈرگىن، سېنى سىناپ دەپ دەردۇ ھالىڭنى سورىمىغانىدىم. بولمىسا سېنىڭ قەدىر ـ قىممىتىڭنى نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن. سېنى سىنايمەن دەپ مەندىنمۇ، تىكەندىنمۇ ساڭا خاپىلىق يېتىپ قالدى. خاپا بولما. سېنى غەنىيمەت بىلمىگەن بولسام مېنى ئەپۇ قىلىپ قېشىمغا كەلگىن، قەدرىڭنى بىلەي، گۈلدىن.»

گۈل خەتنى ساباغا بېرىپ ئۇنى ئۇزاتقاندىن كېيىن، يىغلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ــــ بۇ چاغدا بۇلبۇل نېمە ئىش قىلىۋاتقان بولغىيتتى، ئۇنى بىلەمسىز؟

ــــ ھە، بۇلبۇلما؟ ئۇ ھېلىقى چۆلدە يەككە ـ يېگانە يۈرۈپ، ھىجران ئازابىدا تولغىنىپ، رەڭگى

سارغىيىپ، ھالى خارابلىشىپ گۈلنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزۈشنى تەگرىدىن تىلەپ نالە قىلىپ يۈرگىنى يۈرگەندى.

— شۇنداق قىلىپ سابا يەنە بىر قېتىم بۇلبۇلنى ئىزدەپ كەتتى دەڭا، ئۇنداق بولسا، بۇلبۇلنى تاپالىغاندىمۇ؟ بۇلبۇل يەنە گۈلنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلەرمۇ؟...

— راست، سابا بۇلبۇلنى ئىزدەپ ھەر تەرەپنى كەزدى، ئۇسسۇسا سۇ ئىچمىدى، ھارسا توختاپ قالماي بىچارە بۇلبۇلنى ئىزدىدى. ئۇ ھەر يەردە بۇلبۇلنى چاقىرىپ غۇر - غۇر ئاۋاز چىقىراتتى. ۋاھ، ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى ئاخىر بۇلبۇلنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. بۇلبۇل چۆچۈدى. ھاياجانلاندى. سابا يارىمدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى، دەپ ئويلاپ، تولىمۇ خۇشال بولدى. ئۇنىڭغىچە سابامۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى، بۇلبۇلنىڭ جان - تېنى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە سابانىڭ ئالدىغا چىقىپ خۇشامەت قىلىپ:

— سابا جانىم، سەن ئالەمنى كېزىپ بەك جاپا تارتتىڭ، كەل ئارام ئال، — دېدى.

— سەن، — دېدى سابامۇ بۇلبۇلدىن ئەھۋال سوراپ، — غەم بىلەن تولغان بۇ يات يۇرتتا نېمە قىلىۋاتىسەن؟ يا مۇڭدىشىڭ، يا ئۈلپىتىڭ بولمىسا

ئەمنىڭ خاپىچىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ياردىن يىراق تۇرساڭ بالىمۇ زەھەر تېتىيدۇ. ئېيتقىنا، نېمىشقا ئۇ گۈلدىن ئايرىلىپ كەتتىڭ؟ مەيلى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، گۈل مەشۇقۇڭ ساڭا مۇنۇ سۆيگۈ خېتىنى ئەۋەتتى، بۇ ئۇنىڭ سالىمى، — دېدى ۋە خەتنى بەردى.

بۇلبۇل خەتنى ئوقۇۋېتىپ بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كەلدى ۋە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ساباغا دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

— سابا، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، قارا، مەن قىزىلگۈلگە ئاشىق، ئۇنىڭغا جېنىمنى تەسەددۇق قىلىشقا نىيەت قىلغانىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ تىكىنى بەدىنىمگە سانجىلىپ يۈرىكىمنى يارا قىلدى، تىكەن سۇ ئىچمەي زەھەر ئىچكەن ئىكەن، ئۇ سانجىلغان يۈرىكىمدىن زەرداپ ئېقىۋاتىدۇ. ئۇ گۈلنىڭ تىكىنى ئەمەس زەھەرلىك ئالماس نەشتەر ئىكەن، جېنىمغا تەگدى. بۇمۇ مەيلى ئىدى، بىراق گۈل مېنى پىراق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ كۆل قىلدى، پەرياد چېكىمەن، تەڭرىگە نالە قىلىمەن، بۇ دەردىنىڭ زۇلمىدىن يا جېنىم چىقمىدى...

بۇلبۇل ئۆكسۈپ، پەرياد چېكىپ، پەرياد ئۇرۇپ سۆزلەيتتى:

— گۈلنىڭ قېشىدا يا مەن تۇراي ياكى تىكەن

تۇرسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن گۈل مېنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، مەن كۇنداشلىق دەردىدىن تۇگىشىپ كېتىۋاتىمەن، ئىچىم گۈلنىڭ غۇنچىسىگە ئوخشاش قات ـ قات قان بولۇپ كەتتى، بۇگۇن يا ئەتە ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن... رەقىبىم يادىمغا يەتسە ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولىمەن، تىكەن كۆزۈمگە خەنجەردەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ مېنىڭ بەدىنىمدىن ئۆتۈپ جېنىمغا سانجىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، گۈل مېنىڭ جېنىمدىن ئارتۇقراق ئىدى، جېنىمدىن ئارتۇق كۆرگەن كىشىمگە جېنىمنى ئايىماي تەقدىم قىلمامدىمەن؟ ئاڭلا، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «يارىم قېشىمدىن نېرى كەتمىسە، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولسام، كۆڭلىرىم توزۇپ كەتسە، كۆڭلىرىم بىلەن جاھاننى قاپقارا قىلىۋەتسەم، بۇنىڭ بىلەن كۈن تۇتۇلۇپ كۈنمۇ گۈلگە كۆز سالالمىسا، گۈلگە بىر ئۆزۈملا ئىگە بولسام، يارىمغا باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشسە، مەندە رەشك پەيدا بولىدۇ، ھەئە، باشقىلارغا قارىغاندا تىكەنگە بەكرەك رەشك قىلىمەن.. بۇنىڭدىن جىق نېمىمۇ دەي... — دېدى بۇلبۇل.

سابا يۇمشاق قوللىرى بىلەن بۇلبۇلنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى رەشك ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە تىرىشتى.

www.uyghurkitap.com

— دوستۇم بۇلبۇل، بىھۇدە غەم يېمە، گۈلنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يار بول، گېپىمگە قۇلاق سال، سەن گۈلنىڭ ئۆزىگە قاراپ، تىكىنىگە قارىما، جاھاندا تىكەنسىز گۈل بولمايدۇ، مۇشەققەت چەكمەيدىغان ئاشىق بولمايدۇ. كىمكى گۈلگە ئاشىق بولۇپ ئۇنى ئۈزسە تىكىنى سانجىلىدۇ. گۈزەلنىڭ كۆزىدە كىرپىك بولمىسا يارىشامدۇ؟ گۈلنىڭ تىكىنى كىرپىككە ئوخشاش گۈلگە يارىشىدۇ، بۇنى بىلگىن. يەنە مەشۇق ئاشىقنى ھەرخىل مۇشكۈللۈكلەر بىلەن سىنايدۇ، شۇڭا گۈلنىڭ ۋەسلىنى ئۈمىد قىلغان كىشى تىكەننىڭ ئازابىنى تارتىشتىن قورقماسلىقى كېرەك. ھەسەل ھەرىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدۇ، تۇزمۇ شوردىن پەيدا بولىدۇ. دەرد ـ ئەلەم چەكمەي دېسەڭ، ئۇنداق بولسا يارنى ئارزۇ قىلما، يارنى يار ئەتمە، — دېدى.

بۇ گەپلەردىن بۇلبۇلنىڭ كۆڭلى سەل ئارام تاپتى، ئۆزى بۇرۇن رەشك قىلغان تىكەنگە بولغان ئاداۋىتىنى ئۇنتۇدى. سابانىڭ سۆزلىرى بۇلبۇلنىڭ يۈرىكىدىن رەشك ئوتىنى ئۆچۈرگەندى.

— ئۇستاز، بۇلبۇل سابا بىلەن قايتىپ قىزىلگۈلنىڭ قېشىغا كەلگەنمىدۇ؟ ئۇ گۈلنىڭ ۋىسالىغا يېتەلىگەنمىدۇ؟

— بۇ ئەمدى مۇمكىن. سابا بۇلبۇلغا يەنە مۇنداق

دېگەنىدى:
«بۇلبۇل سەن بىر خۇش ئاۋاز دانا قۇش، بىلەمسەن، كىشى يارسىز يۈرۈپ ھەر دائىم ھەسەل يۇتسىمۇ، ئۇنىڭ يېگىنى زەھەردىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ھازىرلا ئۇچقىن ـ دە، قىزىلگۈلنىڭ قېشىغا بارايلى، سەن ئۇنىڭ بىلەن جەم بولۇپ مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى سۈرگىن، جاپا ـ مۇشەققەت، دەرد ـ ئەلەملەر بېشىڭدىن كەتسۇن» دېدى.
بۇلبۇل ئۇنىڭ گېپىگە ماقۇل بولدى ـ دە، ئىككىسى بىللە يولغا چىقتى. ئىككى دوست خۇشال ـ خۇرام پاراڭلىشىپ ئۇزاق يول يۈردى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك داۋاملاشتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ غەملىك كۆنلىرى تۈگىگەنىدى. چۆللەر تۈگەپ ئاۋات گۈلىستانلىق كۆرۈندى. سابا:
مەن گۈلنىڭ قېشىغا بالدۇرراق يېتىپ باراي، ئۇنىڭغا بۇلبۇلنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرەي، ئۇنى خۇش قىلىۋېتەي، دېگەنلەرنى ئويلاپ، بۇلبۇلنى بىر يەردە قالدۇرۇپ ئۆزى ئالدىدا يۈرۈپ كەتتى.
سابا گۈلنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى باشتىن ـ ئاياغ پەپىلەپ سۆيدى. ئۇزاق بەزلەپ:
ــــ قۇلۇقىنى، يەنى ھۆسنۈڭگە شەيدا قۇلۇڭنى ئېلىپ كەلدىم، سېنىڭ بۇلبۇلۇڭ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى

سەن ئۇنىڭدىن شېرىن سۆزۈڭنى ئايىماي، ئۇچۇق - يورۇق بولۇپ، ئۇنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋال، — دېدى.

قىزىلگۈل سابانىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ غەمدىن قۇتۇلۇپ، بەكمۇ خۇشال بولدى ۋە ئەتراپقا سەپسېلىپ: مېنىڭ بۇلبۇلۇم قېنى؟ — دەپ سورىدى سابادىن.

سابا سىرلىق كۈرلۈپ:

— ئۇنى بىر يەرگە قويۇپ كەلدىم، سەن ئاۋال ماڭا گۆھەر، ئۈنچە - مارجانلاردىن سۆيۈنچە بەر، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى چېقىشىپ.

— جانىم سابا، مېنى ئۈنچە تەقەززا قىلما، مەن سۆيۈنچە ئۈچۈن سەندىن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، بار نەرسەمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن، سەن تېز بېرىپ، ئېغىر كۈنلەردە ماڭا يار بولمىغان شېرىن سۆزلۈك بۇلبۇلۇمنى ئېلىپ كەل، — دېدى تەقەززا بولۇپ ئۆتۈنگەن ھالدا.

سابا ئاستا ئۇچۇپ كېتىپ، بۇلبۇلنى قىزىلگۈلنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئەمدى ھىجران دەملىرى ئاخىرلاشقان، ئايرىلىش جۇدۇنىدا تۈگۈلگەن بەخت غۇنچىلىرى پورەكلەپ ئېچىلغانىدى.

بۇلبۇل گۈلنى كۆرۈپ يەرنى سۆيۈپ سالام قىلدى، قىزىلگۈلمۇ قات - قات لەۋلىرىنى ئېچىپ كۈلگىنىچە ئېگىلىپ ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالدى. نەچچە

ۋاقتتىن بىرى يار ۋەسلىدىن مەھرۇم قىلىپ غېرىبلىق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بىچارە بۇلبۇلدىن سەممىي ھال ـ ئەھۋال سورىدى.

ــــ ئەي بۇلبۇل، ــــ دېدى قىزىلگۈل، ــــ ئەھۋالىڭ نېچۇك، يىراق ئىلكىدە ئازاب چەككەن يارىم، سەن مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمدا غېمىمنى يەڭگىللىتىپ، كۆڭلۈمگە ئارام بېرەتتىڭ، مېنى تاشلاپ كېتىپ، نەلەردە يۈرگەنسەن؟ سەن مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يارىم ئىدىڭ، يىراق ئىچىدە بېشىڭدىن قانداق كۈنلەرنى كەچۈرۈپ، مېنىڭ غېمىمدە ئاي، يىللارنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟ مەندىن ياخشىراقنى تاپقانلىقىڭ ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمدىن كەتكەنمىدىڭ ـ يا؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، مېنى تۈگىمەس دەردكە قويسەن، سەنسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم گويا دوزاخنىڭ قاراڭغۇلۇقى بولىدۇ. ئەسلىي سەن كەلمەستە مەن بۇ گۈلشەن ئىچىدە ئېچىلىپ، كۈلۈپ خۇشال ـ خۇرام ئۆتەتتىم. سەن كەتكەندىن كېيىن بۇ خۇشاللىقلىرىم قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. سەن بولمىساڭ، مېنىڭ تىرىك تۇرغىنىم ئۆلگەن بىلەن باراۋەر ئىكەن. ھەتتا دۈشمەنمۇ شېخىم بىلەن بەرگىلىرىمنىڭ غەم ئىچىدە قالغانلىقىنى مەسخىرە

قىلىشتى. مانا ئەمدى سەن قايتىپ كەلدىڭ، قايتىدىن تىرىلگەندەك بولدۇم. غۇنچىلىرىم تۇگۇلۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى سېنى كۆرۈپ ئېچىلدى... — ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، بۇلبۇلغا ئېگىلىپ سۆزلەيتتى، — ئەي بۇلبۇل، ئەمدى جېنىمدىن كەچسەم كېچىمەنكى، سەن قەدىردانىمدىن كەچمەيمەن، سەندىن ھەرگىز ئۈمىد ئۈزمەيمەن، تىرىكلا بولىدىكەنمەن، سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، قىيامەت كۈنىگىچە ساڭا بولغان دوستلۇقۇمنى ئۈزۈپ قويمايمەن، بىلەمسەن، جانىم، مەن ئەسلىي سېنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپلا سېنى سۆيۈپ، ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم.

قىزىلگۇل شۇلارنى دېگەچ بۇلبۇلغا ناز قىلاتتى، تال چىۋىقتەك بەللىرىنى تولغاپ ھەريان ئېگىلەتتى. ئۇنىڭ غۇنچىلىرى قات - قات ئېچىلىپ خۇددى تاۋاقتا تىزىپ قويۇلغان ياقۇتلاردەك جىلۋە قىلىپ كەتكەنىدى. گۇل ئەمدىلىكتە بۇلبۇلنىڭ ۋەسلىگە يەتكەنلىكىدىن خۇشاللىقىدا مەست بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپ ئىرغاڭلايتتى. ھەر مىنۇتتا مىڭ ناز - كەرەشمە قىلىپ قولىدىن كېلىشىچە بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭغا نىپىز لەۋلىرىدىن بال تەقدىم قىلاتتى.

گۇل بۇلبۇلنىڭ سولغان ھالىتىگە قاراپ مۇنداق

دېدى:
— ئەي بۇلبۇل، خۇش كەپسەن، سەن باشتىلا جىسمىمغا ئىشق ئوتىنى ياققانىدىڭ، مەندىن خاتالىق ئۆتكەن بولسا كەچۈرگىن، مەن بىچارىدىن ئۇنچە رەنجىپ كەتمىگىن. مەن ئۇ ئىشلارنى سېنى سىناش ئۈچۈن قىلغان، ئەمما سەن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى جېنىمدىنمۇ ئەزىز ئىدىڭ. ئەمدى مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك ئىش تۇتىمەن. سەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ قايغۇلۇق كۆڭلۈمنى ھەسرەتتە قويما، بۇ يەردە مېنىڭ يېنىمدا خالىغانچە سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرۈۋەر. ئەنە باغ، مېنىڭ سىنەم ساڭا قەدەم باسىدىغان يايلاق بولسۇن، — دېدى بۇلبۇلنى چىمەنگە باشلاپ.
بۇلبۇل گۈلنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. غەم - قايغۇدا ئازاب چېكىپ ئۆتكۈزگەن قىيىن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ، مەمنۇنىيەت بىلەن گۈلنىڭ شېخىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:
— ئەي گۈلشەننىڭ سۇلتانى قىزىلگۈلۈم، مەن كېچە - كۈندۈز خىزمىتىڭنى قىلىدىغان ئاجىز قۇلۇڭمەن. ئەسلىدە سېنىڭ يېنىڭدىن كېتىدىغان خىيالىم ئەسلا يوق ئىدى، مۇھەببىتىڭدىن پەقەت ۋاز كەچمەيتتىم، بىراق سەن ماڭا تۈزۈك چىراي ئېچىپ

قارىمىدىڭ، شۇنداق بولسىمۇ قېشىڭدا يۈرۈۋەردىم. ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولۇپ چۆرگىلىدىم. قولۇمنى باغلاپ ئالدىڭدا تىزلىنىپ تۇردۇم، ئەمما «سەن كىم؟» دەپ سوراپمۇ قويمىدىڭ، بۇنى ئاز دېگەندەك، تىكىنىڭ زەھەرلىك نەشتىرىنى تېنىمگە سانجىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە ئازار يەتتى، بەدىنىمدە سان ـ ساناقسىز جاراھەت پەيدا بولۇپ، ساق يېرى قالمىدى. شۇ چاغدا ئىچىمگە بىر شەيتان كىرىپ مېنى ئازدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ: «ھەي بۇلبۇل، جاھاندا سەندەكمۇ ئەخمەق بولامدۇ؟ سەن گۈلنى دەپ بۇ باغقا كەلگەنىدىڭ، ئەمما ئۇ نادان گۈل سەندىن ‹سەن كىم› دەپ بىرەر قېتىممۇ سوراپ قويمىدى. تېخى تىكىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسا، ساڭا كۆز قىرىنىمۇ سالماي ناز قىلىپ يۈرسە، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن، كۆرمىدىڭمۇ، رەقىبىڭ دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يۈرسە، سەن پىغان بىلەن ئاھ چېكىپ يۈرۈۋېرەمسەن؟! ھەي ئەخمەق، تىكەنىنىڭ نەشتىرى جېنىڭغا پاتسا، ئۇنىڭ زەھىرىدىن كۆڭلۈڭ جاراھەتلەنسە، بۇ قانداق گەپ؟ بۇ يەردە يا تىكەن بولسۇن ياكى سەن بول، رەقىبىڭ كۆز ئالدىڭدا تۇرسا سەن قانداق چىدايسەن، شۇڭا بىكاردىن بىكار بۇ يەردە دەرد ـ ئەلەم تارتىپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يەردىن كېتىپ جاھانىنى

سەيلە قىلىپ ئوينىساڭ بولمامدۇ؟ قارا، ئەخمەق، قىزىلگۈل ساڭا چىن كۆڭلىدىن مۇھەببەت بەرمەكچى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ سېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولاتتى. بىراق ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. شۇڭا سەن بۇيەردىن تېز كەت، ئەگەر قىزىلگۈل بەزمىسىگە سەندەك خۇشناۋا نەغمىچى كېرەك بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە سېنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئۇ چاغدا سەن ئەگەر ئۇ بەدىنىدىكى تىكەننى ئېلىۋەتسە ئاندىن گۈلنىڭ قېشىغا يەنە كەلسەڭ بولىدىغۇ؟...»

دەپ مېنى ۋەسۋەسىگە سالدى. شەيتاننىڭ بۇ سۆزلىرى كۆڭلۈمگە يېقىپ تىكەنگە بولغان كۈنداشلىقىم تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ھوشۇمنى يوقىتىپ بۇ يەردىن چىقىپ باياۋان تەرەپكە كەتتىم، ــــ ئۇ ھەسرەت بىلەن سۆزلەيتتى، ــــ مەن بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئۇچا ـ ئۇچا ئاخىر بىر چۆل ـ باياۋانغا بېرىپ قوندۇم، ئۇ يەردە ماڭا ھەمراھ بولالايدىغان بىرەرسى يوق ئىدى، ئۆزۈم يالغۇز قالدىم، ھەتتا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدىم. ۋاي ھەسرەت، سەندىن ياخشى يار ھېچبىر يەردە يوق ئىكەن. جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كەزدىم. ئەمما سەندەك گۈزەل دىلبەرنى تاپالمىدىم. شۇڭا، سەندىن باشقىسىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. گەرچە سەندىن يىراقتا بولساممۇ، سېنىڭ جامالىڭنى بىر

نەپەسمۇ ئۇنتۇمىدىم. ماڭا ئەمدى سەندىن باشقا يار كېرەك ئەمەس، كۆڭۈل تەختىمگە سەندىن باشقىسى سۇلتان بولالمايدۇ. مانا ئەمدى سەن ماڭغان يەرنىڭ توپىسى ماڭا گۆھەردىنمۇ ئارتۇق، سېنىڭ ھەسرىتىڭدە ئىچكەن زەھەرمۇ مەن ئۈچۈن كەۋسەر بىلەن ئوخشاش، شۇڭا مەن دائىم تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ «مېنى بۇ ئايرىلىش ئازابىدىن قۇتقۇزغىن، بۇ ماڭا بالا بولدى» دەپ تىلىدىم، ئەمما سەندىن زادى ئۈمىد ئۈزمىدىم. چۈنكى ئايرىلىشنىڭ شارابىنى ئىچكەنمەن، چوقۇم ئاخىرى بىر كۈنى ۋەسلىڭگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت كاتتا دۆلەتكە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم.

ئاخىر ماڭا تەڭرىنىڭ رەھمىتى كېلىپ سابانىڭ يېقىملىق تاۋۇشى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن بەخت ـ دۆلەت ماڭا يۈزلىنىپ، ئازاب، جاپا ـ مۇشەققەت تۇمانلىرى يېنىمدىن كەتتى. بىلەمسەن، سابادىن يوللىغان ئوتلۇق سالام خېتىڭنى ئېلىپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىمكى، گويا بۇ ئالەمگە قايتىدىن تۆرەلگەندەك بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مانا دەرھال ئاتلىنىپ، ساباغا ئەگىشىپ سېنىڭ ئايىغىڭغا يىقىلىش ئۈچۈن كەلدىم، تۈرلۈك ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر سېنىڭ شېرىن سۆھبىتىڭگە قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر

بولدۇم. مانا ئەمدى ئۆزۈمنى ئىختىيارىڭغا تاپشۇرىمەن، ئەمدى مېنى يا ئوتقا تاشلامسەن ياكى يېنىڭدا ئېلىپ قېلىپ، مېنى بەختلىك قىلامسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، ھەتتا تىكىنىڭنى سانجىپ يۈرىكىمنى جاراھەتلەندۈرسەڭمۇ ياكى قىزىل لېۋىڭدىن مۇھەببەت شارابىنى ئىچۈرۈپ مەست قىلىۋەتسەڭمۇ مەيلى، — دېدى بېشىنى ئېگىپ.

قىزىلگۈل بۇلبۇلنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى ۋە بۇلبۇلنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان يار، سەن دۇنيادا بۇلبۇل دەپ ئاتالغان بىردىنبىر قۇشسەن، ساڭا كۆڭلۈمدە مۇھەببەتلا باركى، ئەسلا يامانلىق يوق، ئىككىلا ئالەمدە ساڭا مېھرىبانلىق قىلىمەن، سەن مېنىڭ تېپىلماس يېگانە يارىمسەن، پۈتۈن مەۋجۇدات ئىچىدىن تاللىغان دىلكەشىم سەن. ئەگەر سۆزۈمگە ئىشەنمىدىغان بولساڭ، مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلا بولساڭ، ھەتتا كۆزۈمگە قونساڭمۇ مەيلى، يۈزۈمگە سۆيسەڭمۇ مەيلى. بۇ گۈلشەندە سەنلا مېنىڭ كۆڭلۈمگە خۇشاللىق بېغىشلىيالايدىغان تۇرساڭ، ساڭا قانداقمۇ يامانلىق قىلالايمەن. ئەمما، شۇنى ئېسىڭگە سېلىپ قويايكى، تەڭرى مېنى ياراتقاندا، تىكەن بىلەن

بىللە ياراتقانىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن بىللە تۇرىمەن، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنمەن، تەڭرى مەن تۇرىدىغان يەرنى رەڭگارەڭ گۈلزار قىلىپ ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما بىچارە بەدىنىمنى تىكەنلىك قىلغانىكەن. ئۇنى مەندىن ئايرىۋېتىشنىڭ ھېچبىر ئىلاجىنى قىلالمىدىم، شېخىم بىلەن بەرگىمنىمۇ ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنى كېسىپ تاشلىسا تۈۋىدىن يەنە كۆكلەپ چىقىدۇ. ئېرىقنىڭ سۈيىمۇ باشتىن ئاياغقا ئاقىدۇ ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئەسلىممۇ تىكەن بىلەن بىللە، نەسلىممۇ، پەسلىممۇ تىكەنسىز بولمايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئەيىبىم، ئەمما سەن ماڭا يار بولاي دېسەڭ مېنى ياخشى كۆرسەڭ تىكىنىمگە، بۇ ئەيىبىمگە قارىما، ــــ دېدى چۈشەندۈرۈپ.

گۈلنىڭ بۇ سەمىمىي سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بۇلبۇل بىر تەرەپتىن ئۆتكەندە قىلغانلىرىغا خىجالەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ:

ــــ ئەي يۈزى چوغدەك چاقناپ تۇرىدىغان گۈزەل، دىلىمنى مەپتۇن قىلىدىغان يار بېشىڭدىن ئۆرگىلەي، سەن يۈرىكىمنىڭ ئارامىسەن، مېنىڭ مۇھەببىتىم پەقەتلا سەن ئۈچۈن، ماڭا ئىلتىپاتىڭلا بولسا، سەندىن باشقىسىغا ھەرگىزمۇ قارىمايمەن. سەن ئەگەر ماڭا

جىلـۋە بىلـەن باقساڭلا مـەن سـىنىڭ تىكىنىڭـنى ئۈنتۈيمـەن، ئۇنىڭغـا پـەرۋا قىلمايمـەن. سـەن ئۈچـۈن جەبىر ـ جاپا چېكىشتىن قورقمايمەن. بېشىمغا مىڭ بىر بالا كەلسىمۇ مەيلى، مەن ئەسلىي سىنىڭ ماڭا مۇھەببىتىڭ بار ـ يوقلىقىنى بىلىپ باقاي، ئۇنى بىر سىناپ باقاي دېگەن ئوي بىلەن يېنىڭدىن كەتكەنىدىم. نېمە ئىش قىلىپ قويغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم. ئەمما، بىرلا ئىشنى زادىلا ئۇنتۇمىدىم. ئۇ بولسىمۇ سېنى ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش ئارزۇسى ئىدى. سېنىڭ ئىشقىڭدا دەرد تارتقىنىم مەن ئۈچۈن راھەت، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ رازىمەن، — دېدى.

بۇلبۇل سۆزىنى تۈگىتىپ گۈلنى قۇچاقلاپ مۇرادىغا يەتتى. ئۇ گۈلنىڭ جامالىنى ئويلاش بىلەنلا بولۇپ، يېگەنلىرى زەھەر بولغانىدى. پىراق ئىچىدە دائىم قان يۇتاتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاھ ئۇراتتى، مانا ئاخىرى قىزىلگۈلنىڭ ۋەسلىگە يەتتى. ئەمدى ئۇ قاراڭغۇ كېچىسى كۈندۈزگە ئايلانغان گۈلشەندە مەڭگۈ تۇرۇپ قالدى. ھىجران ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ئاراملىققا ئېرىشتى، شۇنداق، ئەمدى بۇ چىمەندە ۋىسال چىرىغى يېنىپ، زۇلمەت تۇمانلىرى تارقىغانىدى.

ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ھىجران شامىلى تەگكەن

ئەقدىردىمۇ، گۈلنى ئويلىسا، كۆڭلى باھاردەك ياشناپ كېتەتتى، گۈلنىڭ تىكىنى سانجىلىپ بەدىنىنى يارا قىلىۋەتسىمۇ، ئۇنىڭغا گۈلنىڭ جامالى شىپالىق مەلھەم بولۇپ، بەدىنىدىن ئاغرىق يوقىلاتتى.

ھەقىقەت شۇكى، كىمكى ئۆز ياردىن ئايرىلىپ، پىراقتا ئازاب چەكسە، ئۇ ئاخىر بىر كۈنى يارنىڭ قولىدىن ۋىسال شارابىنى ئېلىپ ئىچىدۇ، چۈنكى ھىجران ئازابى ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاقىۋەت ۋىسال يېتىپ كېلىدۇ. يارنىڭ ئوتى يۈرەكنى قانچە ئۆرتىسە، ئۇ يارنىڭ جامالىنى شۇنچە تېز كۆرىدۇ. مانا بۇنىڭدەك گۈلشەندە قىزىلگۈل پورەكلەپ ئېچىلسا، كۆڭلى يايرىغان بۇلبۇل ئۇنىڭ شېخىغا قونۇپ خۇشال سايرايدۇ، گۈلنىڭ يۈزىدىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت چاچراپ تۇرسىمۇ، ئاھ چېكىپ تۇرۇپ يەنە يېقىملىق سايرايدۇ.

ساباچۇ؟ ھەئە، ئۇمۇ ئۆز ئەمگىكىدىن سۆيۈنىدۇ. ئىككى ياخشىنىڭ بىر جامدىن ۋىسال شارابىنى ئىچكەنلىكىنى كۆرۈپ، گۈلنىڭ ھىدىدىن تازا ھۇزۇرلىنىپ كۈلىدۇ. گۈللەرنى سىيپاپ، ئۇلارنى پاكىزلاپ، ئۇلارنى ئىرغاڭلىتىپ ئۇسسۇلغا سالىدۇ. ئاندىن قىزىلگۈلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ چېچىنى سۆيۈپ گۈل ھىدىنى سۈمۈرىدۇ. ئاندىن بۇ خۇش پۇراق

ھىدلارنى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقىتىپ، ئالەمنى خۇش پۇراققا تولدۇرىدۇ. بۇ ھىدلار كىشىلەرنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، جانلار يايراپ كېتىدۇ. دېمەك، سابا مۇھەببەت بېغىنىڭ ناتىۋان گۈللىرىگە چاڭ قوندۇرمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇلبۇلنىڭ يۈرىكىگە يەنە ئوت تۇتىشىدۇ ـ دە، يۈرىكىدىن خۇش ئاۋاز چىقىرىپ، سايراپ كېتىدۇ. غەم رەختىدىن قاتمۇقات تون كىيىپ، ھەر دەقىقىدە يۈز قېتىم ئاھ ئۇرۇپ كېتىدۇ، گۈلنىڭ ۋىسالىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ جامالىنىڭ نۇرىدىن ھوشىدىن كەتكۈدەك بولۇپ كېتىدۇ، گاھى كۈلىدۇ، گاھى يىغلايدۇ. چۈنكى ھايات ئەنە شۇنداق تالاي يىغا ھەم كۈلكىلەر بىلەن تولغان.

گۈلنىڭ ئېچىلىدىغان پەسلىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇلبۇلمۇ بەزىدە ۋىسال شارابىنى ئىچىپ شادلانسا، بەزىدە ئايرىلىشىنىڭ نەشتىرىدىن ئازاب چېكىدۇ. شۇ يوسۇندا گۈلمۇ دۇنيا بېتىدىن ئۆچىدۇ، ئۇنىڭ چېكى يوق، كۈندۈز قانچىلىك ئۇزاق بولسىمۇ، ئاخىر ھامان كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشىدۇ. يەنە تاڭ يورۇسا يەنە زاۋال بولىدۇ. كىشىلەر بۇ دۇنيادىن ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مانا، گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ ھېكايىسى. بۇ

ھېكايە ئەنە شۇنداق ۋىسال دەقىقىلىرىگە ئېرىشىپ ئاخىرلاشتى، بۇ ھەقىقىي بىر مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە ئوخشىمامدىكەن؟!

شۇنداق، ھىرقەتىنىڭ قولىدىن چىققان بۇ ئاجايىپ لىرىك ھېكايىدە پەقەت رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا گۈل، بۇلبۇل، سابا ۋە تىكەن، گۈلى قەھقەھتەك ياخشى ـ يامان دەپ سىمۋول قىلىنغان ئىسىملارلا ئالماشتۇرۇلغان، خالاس.

— ھىرقەتىي بۇ داستاننى نېمە مەقسەتتە يازغان بولغىيتتى؟

— ئىجادىيەتنىڭ ئەلۋەتتە مەلۇم مەقسىتى بولىدۇ. بەلكىم ھىرقەتىمۇ بۇ داستاننى مەلۇم مەقسەتتە يازغان بولغىيتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ داستاننىڭ نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقى گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، بۇ ھايات، بۇ مۇھەببەت ساداقەت ۋە ۋاپادارلىق، كۆيۈم ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن گۈزەل!

شۇڭا ھىرقەتىي بۇ داستاننى يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئاددىيلا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسسە ئېيتاي، دەپ بۇنى يېزىپ چىقتىم، مەقسىتىم ئۆزۈمدىن بىر يادنامە قالدۇرۇش ئىدى، شۇڭا بۇ يازمىغا



www.uyghurkitap.com
كىتاب نۇر

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، دەپ ئات قويدۇم. بۇنىڭ مەنىسى: مۇھەببەت بىلەن مېھنەت دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا قولۇمدىن كېلىشىچە بىرمۇنچە بېيىتلارنى تۈزۈپ قەغەز ئۈستىگە قوندۇردۇم، بۇنى يېزىشتا ئارتۇقچىلىقلىرىمدىن ئەيىبىم تولا، ئەمما سۆزلىرىم راست ۋە ھەقىقىي. شۇڭا، دوستلاردىن ئىلتىماسىم شۇكى، كىچىككىنە كەمچىلىكلىرىم بولسىمۇ ئايىماي تۈزىتىڭلار. مەن رازى، ئاياپ ئولتۇرماي تەنقىد قىلىڭلار، مەن ھىرقەتىي ئەمدى ھەرخىل گەپلەرنى قىلىۋەرمەي سۆزۈمنى توختىتاي، تولا سۆزنىڭ مەززىسى بولمايدۇ. سۆز ئاز بولسا ئەل كۆپ ئاڭلايدۇ، شۇنى بىلىڭلاركى، تۈزى ئۆتۈپ كەتكەن ئاشنىڭ تەمى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا، ئاز بولسىمۇ، مەنىلىك قىلىشقا تىرىشتىم، مەقسىتىم مەندىن ئەلگە نەپ يەتسە، بىلمىگەنلەر بىلسە، ھەممە ئادەم ياخشىلىق يولىدا تىرىكچىلىك قىلسا، بىر - بىرىگە مېھرىبان بولسا، سۆزلىگەنلىرىمنى ئىبرەت، نەسىھەت دەپ بىلسە» دېگەنىدى. شۇنداق، ئالدىمىزدا ئۆتكەنلەرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقلىرى بىز ئۈچۈن ئىبرەت، ياخشىلارنىڭ سۆزلىرى بىز ئۈچۈن نەسىھەت...

2008 - يىل 5 - مارت